# لۇشۈن فېلىيەتونلىرى

لۇشۈن فېلىيەتونلىرى
لۇشۈن فېلىيەتونلىرى
لۇشۈن فېلىيەتونلىرى

(1)

لۇشۈن فېلىيەتونلىرى
لۇشۈن فېلىيەتونلىرى
لۇشۈن فېلىيەتونلىرى

755158339

新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

索书号: 316211
书 名: لۇشۈن فېلىيەتونلىرى
登录号: I2 10 定价: لۇشۈن
借 者 | 借 期 | 还 期
I-I 2·50 يۈەن 1939 (期)

كىتابنى تۆۋەندە يېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

爱护图书 · 按期交还
كىتابنى ئاسراڭ مۇددىتىدە قايتۇرۇڭ

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1990 - يىل 7 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社 1989 年 5 月第 1 版 1990 年 7 月第2次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەكىخان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان

# لۇشۈن فېلىيەتونلىرى (1)

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر ئىشخانىسىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 11 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1998 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—4000
ISBN 7 — 228 — 04155 — 0/I·1517
باھاسى: 12.50 يۈەن

## تەرجىماندىن

قولىمىزدىكى بۇ كىتاب لۇشۈننىڭ خەنزۇ تىلىدىكى 16 توملۇق ئەسەرلىرىنىڭ 1 - تومىدىن 6 - تومىغىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجادىي فېلىيەتونلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان، يەنى لۇشۈننىڭ 1918 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە يازغان ۋە ئۆز قولى بىلەن رەتلەپ، «قەبرە»، «سايىۋەن»، «ئالا كۆڭۈل»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «3 〈بىكار〉»، «تاغدىن - باغدىن»، «خالاس» ۋە «كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى 1 - 2 - 3» دېگەن سەرلەۋھىلەر بىلەن توپلام قىلىپ نەشر قىلغان يىللىق توپلاملىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان.

«لۇشۈن فېلىيەتونلىرى» (1 - ۋە 2 - قىسىم) نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن تۇنجى نەشرى 70 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ چاغ دەل «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» 10 يىللىق پاراكەندىچىلىك داۋام قىلغان يىللار بولغاچقا، شۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ تەسىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە يەتكەنگە ئوخشاش، تەرجىمە ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قويمىدى. ئەينى ۋاقىتتا، تەرجىمە قائىدىلىرى جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى پەرھىزلەرنىڭ، بولۇپمۇ تەرجىمە ئىلمىدىكى «سادىق بولۇش پرىنسىپى» نىڭ ئەمەلىيەتتە مەنىگە ئەمەس، يەككە - يەككە سۆزلەرگە، ھەرپلەرگە بىرمۇ بىر سادىق بولۇش دېيىدىغان بىر تەرەپلىمە پرىنسىپلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن، لۇشۈننىڭ ئەسلى ئۆتكۈر، چوڭقۇر مەنىلىك گەپ - سۆزلىرىنى چىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن قىيامىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇۋەپپەق بولالماي، ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىگە مەلۇم دەرىجىدە قۇسۇر يەتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ مەسىلە جەھەتتىكى

گەپ ـ سۆزلىرىمنى، ئۆزۈمنىڭ تەرجىمە ماھارىتى جەھەتتىكى ئەسلى ئاجىزلىق توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى بۇ يەردە ئامانەت قالدۇراي. ( بۇ ھەقتە كەمىنىلىرىنىڭ « قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك ؟ » ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ ) . پەقەت تەرجىمە ئىلمىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ئاتالغۇ مەسىلىسىنىلا ئالسام، قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە ئاتالغۇ جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، پادىشاھلىق، ئىمپېرىيە دېگەن ئاتالغۇ خەنزۇ تىلىدىكى « دىگو » دېگەن تەلەپپۇز بىلەن ئېلىنغان؛ تېلېگىرامما، تېلېگراف دېگەن سۆز « دىيەنباۋ » دەپ ئېلىنغان؛ مىنىستىر ئورنىغا « بۇجاڭ »؛ مىلىتارىست ئورنىغا « جۈنفا »؛ ئۆلكىلىك كومىتېت ئورنىغا « شىڭۋېي »؛ چارە ـ تەدبىر، تاكتىكا ئورنىغا « جەنلۆي »؛ پروفېسسور ئورنىغا « جياۋشۇ » ئېلىنغان ۋەھاكازا. بۇنداق ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ھەممىگە ئايان بولغان ئاممىباب ياكى ئەنئەنىۋى ۋە ياكى خەلقئارا ئورتاق تەگدىشى بولسىمۇ، لېكىن « تۆت كونىلىق »، « شيۇجېڭجۇيىچىلىق »، ياكى « تار مىللەتچىلىك » ۋە ياكى « لۇشيەن خاتالىقى » ۋەھاكازا دېگەن سىياسىي قالپاقلارنىڭ، بەدناملارنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا زورمۇ زور ئاھاڭ تەرجىمىسىنى قوللىنىپ، تەرجىمانلار ياكى خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان ئادەملەرلا چۈشىنىدىغان، تەرجىمىگە موھتاج كىتابخانلار ئاممىسى چۈشەنمەيدىغان غەلىتە تەرجىمىلەر ئەنە شۇ مەزگىللەردە خېلى كۆپ ھۆكۈم سۈردى. شۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئاتالغۇ تەرجىمىسى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقلار خېلى كۆپ دەرىجىدە ئۆگىشىلىپ، بىر قەدەر توغرا ئىزغا چۈشكەن بولسىمۇ، بۇ كىتابنىڭ مانا بۇ ئىككىنچى نەشرىدە زادى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە مەلۇم بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسى تۇنجى نەشرىدىكى ھالىتى بويىچە ساقلاپ قېلىندى. مەسىلەن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى، ۋېيىۋەنخۇي، شەفەنداشۇ ۋەھاكازا. بەلگىلىك تارىخىي دەۋردە قوللىنىلغان بۇ ئاتالغۇلار ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىغا مۇناسىپ ھالدا ئۆز-



گەرتىلگەن ۋە ئۆزگەرتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەينى ھالىتىگە كۆپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىدى. بۇنىڭدا پەقەت سۆز ۋە گەپنىڭ تۈپ مەزمۇنىغا ماھىيەتلىك دەخلى يەتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن، تىل تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ تەرجىمە تارىخىنى ۋە تەرجىمە قائىدە ـ ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جەريانلىرىنى، ئاتالغۇ تەرجىمىسى جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى تەتقىق قىلىشىغا ئەينەن پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار دېگەن مەقسەت كۆزدە تۇتۇلدى.

يەنە بىر گەپ، لۇشۈننىڭ ھېكايە، نەسىر، ئەسلىمە، نەزمە ـ شېئىر دېگەندەك ئەدەبىي ژانىرلاردا يازغان ئەسەرلىرىدىن باشقا، ھەجۋى ـ ساتىرا ئۇسلۇبىدا يازغان ئەسەرلىرى ھەممىدىن كۆپ بولۇش بىلەن بىللە، كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ھەممىدىن كۆپ سازاۋەر بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى زاماندا بىر قىسىم « ياللانما ئەدىب » لەرنىڭ بەدناملىرىدىنمۇ خالىي بولالمىغان. ئۇلار لۇشۈننىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەينى ھالىتى توغرىسىدا يازغان ئەنزارلىرىنى، جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگە نەشتەر ئۇرۇپ يازغان قىسقا مۇلاھىزە ۋە ئوبزورلىرىنى، چۈچۈك ـ ئاچچىق تىل بىلەن يازغان فېلىيەتونلىرىنى « زاۋېن » دەپ چۆكۈرگەن، ھاقارەتلىگەن. خەنزۇ تىلىدىكى « زاۋېن » دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ئەبجەش، شالغۇت، چەلەگۇش، ئالتاغىل، ساپ ئەمەس، رەتكە يارىمايدىغان، مۇرەككەپ ماقالە دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بەزىدە لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىنى « زاۋېن، زاۋېن ياكى نەسىر ـ نەزمىگە، ياكى ھېكايىگە ۋەياكى سەھنە ئەسىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات قاتارىغا ئۆتمەيدۇ »، دېسە، يەنە بەزىدە « زاۋېن يېزىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ پىرى — لۇشۈن »، « ئۇنىڭ يېزىۋاتقانلىرى ئادەم تىللايدىغان ماقالىلەر »، « زاۋېن دەيدىغان بولمىغۇر، يارىماس ماقالە ـ ئەسەرلەرگە ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن ئورۇن تەگمەيدۇ » ۋەھاكازا دەپ سۆككەن. ئۇلارنىڭ ھاقارەتلىك مۇھاكىمىلىرىگە جاۋابەن، لۇشۈن: « مەيلى، شۇنداق بولسىمۇ، مەن باشقىلار يامان كۆرىدىغان،

ياراتمايدىغان ئەبجەش، شالغۇت، بولمىغۇر ماقالىلەرنىڭ ئەۋج
ئېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن ... »، « جۇڭگو بەزىدە تەڭ - باراۋەر-
لىكنى ياخشى كۆرىدىغان دۆلەت. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر قانداق بىر شەيئى
سەل باشقىچىرەك بولۇپ قالسا، بەزىلەر ئۇنى دەرھال قىرقىپ تەكشىلىۋې-
تىش ئۇچۇن قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ ... بوپتۇ، چېخوپنىڭ
〈 خۇمسىلارنىڭ ئاغزىدا ماختىلىپ يۈرگەندىن كۆرە، ئۇلار بىلەن
ئېلىشىپ ئۆلگەن ئەلا 〉 دېگىنىدەك، شۇنداق خۇمسىلار بىلەن تۇتۇشى-
مەن »، ئۇلارنىڭ « ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇپ »، ئۇلار ئوق قىلىپ
ئاتقان « زاۋېنىنى — يارىماس ئەبجەش ماقالىنى ئۆزلىرىگە ياندۇرۇپ
ئاتىمەن ... بەزىلەر « مېنىڭ 〈 زاۋېن 〉 يېزىشىمدىن بىزار ئى-
كەن، دەرھەقىقەت، بۇ ئەھۋال كىشىنى بىزار قىلىدۇ. لېكىن 〈زاۋېن 〉
شۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ زۆرۈر. چۈنكى جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ روھىي
دۇنياسى ھازىر مېنىڭ زاۋېنلىرىمدا ئەكس ئەتمەكتە » دېگەن. دېمەك،
لۇشۈن ئۆز بەسخورلىرىنىڭ ئاتقان ئوقىنى شۇ بەسخورلارنىڭ ئۆزىگە قاي-
تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دۇمبالىغان. لۇشۈننىڭ بەس - مۇنازىرىدە
مۇشۇنداق كىنايە قىلىش ئۇسۇلىنى ئۇنىڭ بەزى ئەدەبىي تەخەللۇسىدىنمۇ
چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. لۇشۈننىڭ « بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ
كۆتۈرۈش » سەرلەۋھىلىك ھەجۋى ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن،
بەسخورلاردىن بىرى ئۇ ھەقتە يازغان بىر پارچە مۇھاكىمە
ماقالىسىدە لۇشۈنگە « كومپرادور دەللال » دەپ بەدنام قىلغان.
لۇشۈن « جەدىتلىك ۋە كونىلىق »، « چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن »
دېگەندەك ماقالىلىرىنى « كومپرادور » دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قى-
لىپ، ھېلىقى بەدنامچى بەسخورغا دارىتىپ كىنايە قىلغان. 1930 - يىلى
گومىنداڭ جېجياڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى « چۈشكۈن ئەدىب لۇ-
شۈن » نى تۇتۇش بۇيرۇقى تارقاتقاندى. لۇشۈن ئۆزى تەرجىمە قىلغان
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رومانى « تارمار » نى نەشر قىلغاندا ئۇنىڭغا
قارشى كىنايە بىلەن « چۈشكۈن ئەدىب » دېگەن بەدنامنى تەخەللۇس
قىلىپ قوللانغان. لۇشۈننىڭ « دونكىخوت »، « فېئودپۇش » ( « فېئودا-



لىزمنىڭ پۇشتى » دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى ) دېگەن ئەدەبىي
تەخەللۇسىنىڭ تېگىدىمۇ زەردىلىك كىنايىلەر مەۋجۇت.
ئەمدى بۇ گەپلەردىكى ئەسلى مەقسەتكە كېلەيلى. ئۇلۇغ ياز-
غۇچى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ ئىنقىلابچى لۇشۈن توغرىسىدا ئۇيغۇر
تىلىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەسەرلەر — لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە
نۇسخىلىرى تېخى يېتەرلىك ئەمەس، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ناھايىتى
ئاز، تەتقىقات ئەسەرلىرى تېخىمۇ يوق دېيەرلىك دەرىجىدە كەمچىل.
ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى لۇشۈنگە، لۇشۈن
ئەسەرلىرىگە ئائىت لەتىپە خاراكتېرىنى ئالغان ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيال-
لىرىدىن خەۋەردار قىلىش قىيىن. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، لۇشۈننىڭ
ھەجۋىي ئەسەرلىرى « لۇشۈن زاۋېنلىرى » دەپ تەرجىمە قىلىنسا، لۇ-
شۈننىڭ مىجەز - خۇلقىنى، لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە
خۇسۇسىيىتىنى ئازراق بولسىمۇ ئېنىقراق ئىپادىلەپ بېرىش تەس.
بىزدە « چىراي كۆرۈپ ھال سورا » دېگەن گەپ بار. ئەمەلىيەتتە،
قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ كۆپ يېرىدە، لۇشۈننىڭ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىنمۇ،
باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ لۇشۈن ئۇسلۇبىدىكى ھەجۋىي
ماقالىلەرنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن نامىنى ئاڭلايمىز: فېلىيەتون، پارچە تە-
سىرات، ئوبزور، ئەنزار، قىسقا مۇلاھىزە، ئىستىئارە، مەسخىرە ماقالە،
كىنايە، ساتىرا، ئېساي، مېتافورا، دارىتما ماقالە ۋەھاكازالار. بۇ ئاتالغۇلار
ھەرخىل بولسىمۇ، ئەدەبىي ژانىر جەھەتتىن بىرلا قېلىپنىڭ مەھسۇلى ئى-
كەنلىكىدە شەك يوق. مۇشۇنداق نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئاساسلارنى
نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ۋاقتىدا « لۇشۈن فېلىيەتونلىرى » دەپ تەرجىمە قى-
لىنغان ۋە شۇنداق ئات قويۇلغانىدى. « فېلىيەتون » — ئەسلى فرانسۇز
تىلى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى « كۈندىلىك تۇرمۇشنى مەزمۇن قىلىپ،
ئۆتكۈر تىل بىلەن يېزىلغان ماقالە » دېمەكتۇر. كەڭرەك
يەشكەندە، « فېلىيەتون » نىڭ ئۆزى پارچە تەسىرات، قىسقا مۇلاھىزە —
ئوبزور، ئەنزار، ھەجۋىي، مەسخىرە، كىنايە دېگەن مەنىداش
سۆزلەرنى ھەتتا ( لاتىنچە ) پروزا، ساتىرا دېگەن سۆزلەرنى، ( ئىن-

گىلزچە ) ئېساي دېگەن سۆزنى ، ( گرېكچە ) مېتافورا دېگەن سۆزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن « فىلىيەتون » ئومۇمەن دېگۈدەك ئىلىپپەلىك يېزىقى بار مىللەتلەر ئورتاق قوللىنىدىغان ئەدەبىي ئاتالغۇ بولۇپ قالغان . تارىختىن مەلۇم بولۇشىچە ، « فىلىيەتون » سۆزى 30 ـ يىللاردا ئۇيغۇر خەلقى زامانىۋى مەدەنىيەتتىن بەھرىلىنىشكە باشلىغاندىن تارتىپ ، رۇس ، ئۆزبېك ، تاتار تىلى ئارقىلىق ئۆزلەشكەن بولۇپ ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ، بولۇپمۇ زىيالىيلار ئىچىدە خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . ئەپسۇسكى ، « فىلىيەتون » دېگەن ئاتالغۇ بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرىدە شۇ مەزگىلدىكى « سىياسىي ھەرىكەت » لەرنىڭ تەسىرى بىلەن « شىيۇجىڭجۇيىچىلىقنىڭ ئىپادىسى » دەپ بۇرمىلىنىپ ، لۇشۈن ئەسەرلىرى سەھىپىلىرىدىن زورمۇ زور چىقىرىپ تاشلانغان . كۈلكىلىك ئەھۋال شۇكى ، « فىلىيەتون » سۆزى كىتابنىڭ سەرلەۋھىسىدىن چىقىرىپ تاشلانغانۇ ، « فىلىيەتون » دېگەن ئاتالغۇنىڭ پۈتۈن كىتابنىڭ سەھىپىلىرىدە مەنىداش چۈشەنچە بىلەن قوللىنىلغان باشقا ۋارىيانتلىرى — پارچە تەسىرات ، قىسقا ئوبزور ، قىسقا مۇلاھىزە ، تەسرات ، فىلىيەتون ، پروزا ، ئەنزار ، ساتىرا ، ئىستىئارە ، ھەجۋىي ، كىنايە ، ئەبجەش ماقالە ، مېتافورا ۋە شۇنىڭغا مەنىداش ئاتالغۇلار ئەينەن ساقلىنىپ قالغان . مەيلى كىشمىش ئۆرۈك ، تويۇن ئۆرۈك ، ياغلىق ئۆرۈك ، تۈكلۈك ئۆرۈك ، ئاق ئۆرۈك ، قىزىل ئۆرۈك بولسۇن ھەممىسى بىر « ئۆرۈك » نەۋئىدىن بولغان ئىسمداش مېۋە ئىكەن ، بۇلارنىڭ ئورتاق نامىنى « ئۆرۈك » دېگەن نامدىن باشقا ئاتالغۇ بىلەن ئاتالسا ، ئۇيغۇر تىل ئادىتىدە قانداق چۈشەنچە ۋە تەسىرات پەيدا بولار ؟ ئومۇمەن چىلگە ، جاغدا ، ئاقناۋات ، بەگزادە ، بىشەكشىن ، چا قوغۇن ، كۆكچى ۋەھاكازا دېگەن قوغۇن ناملىرىنىڭ ئورتاق ئىسمى « قوغۇن » دەپ ئاتالماي ، « قۇمۇل قوغۇنى » ۋە ياكى « خامىگا » دەپ ئاتالسا ، بۇنىڭدىن چىقىدىغان مەنە ، چۈشەنچە ۋە تەسرات قانداق بولار ؟ يۇقىرىقىدەك ئاساس ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ، لۇشۈننىڭ ھەجۋىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە نامىنى « لۇشۈن فىلىيەتونلىرى » دەپ ئەسلىگە كەلتۈردۇق .



ئاخىرقى بىر گەپ ، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتلارغا قارىسىڭىز ، ئۇلارنىڭ تەرجىمىسىدە ئەينى تېكىستقا نىسبەتەن ئايرىم پەرقلەرنى كۆرىسىز . تەرجىمىدە ئىزاھات تېكىستلىرىنىڭ بەزىلىرى قىسقارتىلغان ، ئەسلى تېكىستتە بولمىغان بەزى ئىزاھاتلار قوشۇلغان . مەسىلەن :

« ئادەم ئۆلتۈرۈش يارىمايدۇ . لېكىن 〈 قاتىل 〉 نى ئۆلتۈرگەن ئادەممۇ ئوخشاشلا 〈 ئادەم ئۆلتۈرگۈچى 〉 بولسىمۇ ، كىم ئۇنى خاتا قىلدى دېيەلىسۇن ؟ ئادەم ئۇرۇشمۇ يارىمايدۇ . لېكىن ئامبال بېگىم جېدەل چىقارغان گۇناھكارنىڭ كاسىسىغا ئۇرۇشنى بۇيرۇسا ، ئامبالنىڭ دورغىسى 10 ... 15 دەپ كالتەك ئۇرسا ، بۇنىمۇ جىنايەت دېگىلى بولامدۇ ؟ ... »

« ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش كېرەك ... »

بۇ مىساللاردىكى « دورغا » دېگەن سۆزگە ئەسلى ئەسەردە « كونا جەمئىيەتتە يامۇلدا ئىشلەيدىغان چاپارمەن ، خىزمەتكار » دېگەن مەنىدە ئىزاھات بېرىلگەن ؛ كېيىنكى نەقىلگە « بۇ ئىبارە 〈 جۇڭيۇڭ 〉 دېگەن كىتابنىڭ 13 ـ بابىدىكى جۇشى موللامنىڭ شەرھىدىن ئېلىندى » دېگەن ئىزاھات بېرىلگەن . يامۇل ، ئامبال دېگەن تارىخىي ئاتالغۇلار بىلەن بايان قىلىنىۋاتقان سۆز مۇھىتىدا « دورغا » دېگەن سۆزنىڭ كىتابخانلار نەزەرىدە ئىزاھاتىنىڭ ئارتۇقچە بىر ئىش ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم . « ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش كېرەك » دېگەن ئىبارىگە ئەسلى كىتابتا بېرىلگەن ئىزاھاتتا ، ئەگەر شۇ ئىبارىنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈش زۆرۈر بولۇپ قالسا ، « جۇڭيۇڭ » دېگەن كىتابقا قاراش تەۋسىيە قىلىنغان . ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب كەمبەغەللىكى شارائىتىدا « جۇڭيۇڭ » نى نەدىن تېپىش مۇمكىن ؟ ھازىرچە تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن ، بۇنداق ئىزاھاتنى تەرجىمە قىلىپ ، كىتابخانلارنىڭ ۋاقتىنى ئەھمىيەتسىز زايە قىلىش ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك . شۇنداق قاراش بىلەن قىسقارتىلغان ئىزاھاتلار بۇ كىتابتا بەلگىلىك مىقداردا ئۇچرايدۇ . مانا قاراڭ : « ئىزاھات : ئولوسى — يەنى

«ئې لوسى» چىڭ دەۋرىدىكى خۇگجۇن يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخىدىكى تەرجىملەرگە تولۇقلاپ كىرگۈزۈلگەن قوشۇمچىلار» ناملىق ئەسەرنىڭ 26 ـ قىسمىغا قاراڭ. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. چەت ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتاپتا «ۋولوسى» دەپ يېزىلغان.» رۇس تىلىدىكى «روسىيە» دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىدا «ئولوسى»، «ئې لوسى»، «ۋولوسى» دەپ ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىسمۇ ۋە شۇنداق يېزىلسىمۇ، لېكىن ترانسكرىپسىيە جەھەتتىكى بۇ پەرقلەر ئۇيغۇر تىلىدا «روسىيە» دەپ ئەينەن ترانسكرىپسىيە قىلىش تامامەن مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە پەرقىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىزاھلاپ يۈرۈشكە ئېھتىياج بولمىسا كېرەك.

تەرجىمىدە قىسمەن ئىزاھاتلار قىسقارتىلغان بولسا، ئەسلى كىتابتا بولمىغان قىسمەن ئىزاھاتلارنى قوشۇش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلدى. مەسىلەن:

«قىرغاۋۇل: مەن ئەمدى قاراڭغۇدىن قورقمايدىغان بولدۇم.

ئوغرى: ئۇنداق بولسا بىز ئارقىمىزغا قايتىپ قارشى تۇرايلى!»

خەنزۇ تىلىدا «يېجى» دېگەن سۆزنىڭ خەت مەنىسى قىرغاۋۇل، تاغ توخۇسى، ياۋا توخۇ دېگەن چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ؛ بۇلاردىن باشقا يەنە «جالاپ»، كوچىغا چىقىپ «خېرىدار» ئىزدەيدىغان «پاھىشە» دېگەن كۆچمە مەنىنىمۇ بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى نەقىلدە «يېجى»نىڭ كۆچمە مەنىسى قوللىنىلغانلىقىدا شەك يوق. شۇنداق ئىكەن، شۇ كۆچمە مەنىسىنى قولدىن بەرمەي، تۇغرىدىن ـ تۇغرا يالىڭاچلاپ «جالاپ»، «پاھىشە» ياكى «شاپاقچى» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا لۇشۈن تىلىنىڭ نازۇك ھەجۋىي، كىنايە خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويۇش مۇمكىن. لۇغەتتىكى تەگدىشى بويىچە توغرىدىن ـ توغرا «قىرغاۋۇل» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، «قىرغاۋۇل» دېگەن سۆزنى «جالاپ»، «شاپاقچى» دېگەن كۆچمە مەنىدە چۈشىنىش ئۇيغۇر تىلىغا ئادەت ئەمەس. ئۇنداق بولسا قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك؟ مېنىڭ تەجرىبەمگە قارىغاندا، ھەم ئاپتورنىڭ ئەسلى تىل خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەم تەرجىمە تىلىنىڭ



كونكرېت ئېيتقاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، «قىرغاۋۇل» دېگەن سۆز بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ كونكرېت سۆز مۇھىتىدا قوش مەنىلىك سۆز ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ كۆچمە مەنىدىكى «يولدىن چىققان ئايال» ياكى «جالاپ» ۋە ياكى «كوچىغا چىقىپ قالغان بۇزۇق ئايال» دېگەندەك سۆز ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ قويغان تۈزۈك. كونكرېت سۆز مۇھىتىغا ۋە تۈپ مەنىگە مۇۋاپىق ئىزاھاتلارنى قوشۇش قارىماققا ئەسلى تېكىستتە يوق گەپ ـ سۆزلەرنى ئارتۇقچە قوشۇپ قويغاندەك «ساداقەتسىز» لىك بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئىلمىي تەرجىمىنىڭ ئىجادىي خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر ۋە مەسئۇلىيەتچان تەرجىماننىڭ ئەسلى تېكىست ئالدىدىمۇ، تەرجىمىنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئالدىدىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

بۇ كىتابنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەرجىمىسىنى قايتا كۆرۈش، زۆرۈر تېپىلغان يەرلىرىنى تۈزىتىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان يۇقىرىقىدەك گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەرجىمە قائىدىلىرىگە دائىر مۇلاھىزىلىرىمنى ئىزاھات تەرىقىسىدە كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا قويدۇم. كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ تىل ۋە تەرجىمە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ، تەنقىدچىلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە قانائەتلىنەرلىك ئىلمىي مەسلىھەت ۋە تەنقىدلىرىگە ئىنتىزارمەن.

توختى باقى.

1996 ـ يىل ئاۋغۇست.

# مۇندەرىجە


ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىم ........ 1
« چۇقان » غا كىرىش سۆز ........ 22
تالانت بارلىقىا كىلىشتىن ئىلگىرى ........ 31
ئۇشتۇمتۇت ئىسىمگە كەلگەنلىرى ( 5 ـ 6 ) ........ 38
« فايرپلەي » گە ئالدىرىماسلىق كىرەكلىكى توغرىسىدا ........ 47
كىچىككىنە تەمسىل ........ 65
مەن تىخى « بەس » قىلمايمەن ........ 69
غۇنچىسىز قىزىلگۈل ـ 2 ........ 77
ليۇخىجىن قىزنى خاتىرىلەيمەن ........ 84
« قەبرە » نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە ........ 92
ۋېي ، جىن دەۋرىلىرىدىكى ئۇسلۇب ۋە ئەسەرلەرنىڭ دورا ھەم
ھاراق بىلەن مۇناسىۋىتى ........ 102
يۇخىلىڭ ئەپەندىگە جاۋاب ........ 147
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىنقىلاب ........ 158
كوممۇنىستلارنى قىرغىن قىلىشلىرىغا بىر نەزەر ........ 163
« يىڭى ئاي » تەھرىراتىدىكى تەنقىدچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ........ 167
« قاتمال تەرجىمە » ۋە « ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكى » ........ 169
ئىنقىلاب قىلمايدىغان رادىكال ئىنقىلابچىلار ........ 211
سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى توغرىسىدا پىكىر ........ 217
« ياخشى ھۆكۈمەتىزم » ........ 228
« كاپىتالىستلارنىڭ » « سالپايغان » « لالما ئىتى » ........ 231
زۇلمەت باسقان جۇڭگودىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ
ھازىرقى ئەھۋالى ........ 236
شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە بىر نەزەر ........ 244

« مىللەتپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى » نىڭ ۋەزىيپىسى ۋە تەقدىرى 271
« دوست دۆلەت ئەجەبلەنمەكتە » توغرىسىدا ......................... 278
« قۇتۇپ يۇلتۇزى » تەھرىراتىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب ... 293
« ئۈچ بىكار » توپلىمىغا كىرىش سۆز ......................... 296
« ئالا كۆكۈل » توپلىمىغا كىرىش سۆز ......................... 308
« ئۈچىنچى خىل ئادەم » توغرىسىدا ......................... 316
« چاتما رەسىم » نى ئاقلايمەن ......................... 326
ھاقارەت ۋە تەھدىت ھەرگىزمۇ كۈرەش ئەمەس ......................... 335

## ئەقىدە ۋە پىداكارلىق توغرىسىدىكى قاراشلىرىم ①

« زامانىدا ئىنساپ قالمىدى ، ۋىجدان زاۋال تاپتى ، دۆلەت دۆلەت بولماي قالدى » — بۇ گەپلەر ئەسلىدە جۇڭگودا قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان نادامەتلەر ئىدى . لېكىن « زاۋال » تېپىپ كېتىۋاتقان ئىشلار زامانغا بېقىپ ئۆزگىرىپمۇ تۇرىدۇ : بۇنداق نادامەتلەر ئىلگىرى A ئىشقا قارىتىلغان بولسا ، ئەمدى B ئىشقا قارىتىلىشى ئېھتىمال . « پادىشاھ ئالىيلىرىغا ئاتالغان » دېگەن بىر نېمىلەردە بىھۇدە گەپ - سۆز قىلىشقا پېتىنىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا ماقالە - مۇلاھىزىلەر شۇنداق نادامەتلەردىن خالىي ئەمەس . شۇنداق نادامەت چەككەن ئادەم ئۆزىنىڭ شۇنداق نادامەتلىرى بىلەن زامانە كىشلىرىگە نەشتەر ئۇرۇش بىلەنلا قالماستىن ، ئۆزىنى « زاۋاللىق » تىن خالىي قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن مولللارغۇ نىسپىي ھالدا ئاھ - ھەسرەت چېكىپ قويىدۇ ، قاتىللىق قىلغان ، ئوت قويغان ، پاھىشۋازلىق قىلىدىغان ۋە قىزىلكۆزلۈك قىلىدىغان ئادەملەر ۋە بارلىق ئۆكتەم - مۇتىھەم ئادەملەرمۇ يامانلىقلىرىنى قىلىپ يۈرۈپ بىكار قالغان چاغلىرىدا ، « ئۇلارنىڭ ۋىجدانى زاۋال تېپىپتۇ » دەپ باشلىرىنى چايقىشىپ كېتىدۇ .

زامان ۋە ۋىجدان دېگەن نەرسىلەر يامانلىقنى تەرغىپ قىلىش بىلەنغۇ ئۆزىمۇ « زاۋال » تېپىشى مۇمكىن ، ئۇنى تەرغىپ قىلماي ، بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ ، نادامەت چېكىپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئۇنى « زاۋال » تاپتۇرۇۋېتىش مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، يېقىنقى بىرەر يىلدىن بۇيان قۇرۇق گەپلەرگە ئانچە ئومۇنۇپ قالمايدىغان بىر نەچچە ئادەم بىر قۇر دانامەت چېكىشكەندىن كېيىن ئەھۋالنى ئوڭشاشنىڭ كويىغىمۇ چۈشتى . بۇلارنىڭ بىرىنچىسى كاڭ يۈۋېي بولدى ، ئۇ « ئاتاقتا پادىشاھلىق جۇمھۇرىيەت » قۇرغان ياخشى ، دەپ قوللىرىنى شىلتىپ مەمەدانىلىق قىلغانىدى . ② لېكىن چېن دۇشيۇ بولسا ئۇنىڭغا بولمايدۇ دەپ

رەددىيە بەردى ③ ، ئىككىنچىسى بىر تۈركۈم كارامەتچىلەر ، بۇلار نېمە ئۈچۈن تولىمۇ غەلىتە كونا ئىدىيىنى كۆتۈرۈپ چىقتىكىن ـ تاڭ ، بۇلار « مېڭىزى پەيغەمبەر » نىڭ ئەرۋاھىنى ئەقىل كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلماقچى بولۇشتى ، لېكىن چېن بەيىيەن ، چيەن شۈەنتۇڭ ۋە ليۇبەننۇڭ ئۇنى ئالجىپ قالغانلىق دېيىشتى ④ .

« يېڭى ياش » ⑤ ژۇرنىلىغا بېسىلغان بۇ بىر نەچچە پارچە رەددىيە كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان ماقالە ، ھازىر 20 ـ ئەسىر بولۇپ قالدى ، ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا تاڭ نۇرى ئاللىقاچان پارلىدى . ئەگەر « يېڭى ياش » قا يەر شارىنىڭ تۆت چاسا ياكى يۇملاقلىقى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىدىغان بىرەر پارچە ماقالە بېسىلغان بولسا ، ئۇنى كىتابخانلار ئوقۇسا ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ . لېكىن ھازىر مۇنازىرە قىلىنىۋاتقىنى ، يەرنىڭ شەكلى تۆت چاسا ئەمەس دېگەن سۆزدىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدۇ . دەۋر بىلەن پاكىتنى سېلىشتۇرۇپ قارىغان ئادەم بۇنىڭدىن قانداقمۇ كۆڭلى غەش بولمىسۇن ۋە ۋايىم يېمىسۇن ؟

يېقىندىن بۇيان ، ئاتاقتا پادىشاھلىق ساقلانغان جۇمھۇرىيەت تىلغا ئېلىنمايدىغان بولدى ، كارامەتچىلىك بولسا تېخىچىلا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ يۈرەتتى . مانا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ قانائەت قىلمايدىغان بىر توپ ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى ، بۇلار يەنىلا « ۋىجدان زاۋال تاپتى » دەپ بېشىنى چايقاشماقتا ۋە شۇنىڭ بىلەن بۇ ھالدىن قۇتۇلۇش ئامالىنى ئويلاپ چىقىرىپتۇ ـ دە ، بۇنىڭغا « ئەقىدىلىك ، پىداكارلىقنى تەقدىرلەش » دەپ ئات قويۇشۇپتۇ !

پادىشاھلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرى ⑥ باشلانغاندىن بۇيان ، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بۇنداق ئەپلىك ئامالنى بىر قانچە يىل تەرغىب قىلغانىدى ، شۇ تاپتا پەقەت بايراق تىكلەش ۋاقتى كېلىپ قالدى ، ماقالىلەردىكى مۇلاھىزىلەردىمۇ ئادەتتىكىدەكلا « ئەقىدىلىك ، پىداكارلىقنى تەقدىرلەيلى » دېگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ پات ـ پات پەيدا بولۇپ تۇرماقتا ، ئەگەر بۇ ئىش توغرىسىدا ۋالاقلاشمايدىغان بولسا ، ئۆزلىرىنى « ۋىجدان زاۋاللىقى » دىن تارتىۋالالمايدۇ ـ دە !



ئەقىدىلىك ، پىداكارلىق دېگەن سۆزلەر بۇرۇنلاردا ئەرلەرنىڭمۇ گۈزەل پەزىلىتى دەپ قارىلاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن « ئەقىدىلىك زات » ، « شەھىت » دېگەن ناملارمۇ چىققان . لېكىن ھازىر « ئەقىدىلىك ، پىداكارلىقنى تەقدىرلەش » دېگەنلىرىدە ، ئەرلەرنى ئۇ قاتارغا كىرگۈزمەي ، مەخسۇسلا خوتۇن ـ قىزلارنى كۆزدە تۇتۇشماقتا . زامانىمىزدىكى ئەخلاقشۇناسلارنىڭ پىكرى بويىچە تەبىر بەرگەندە ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ھەرگىز ئەرگە تەگمىسە ، نامەھرەم ئىشلارنى قىلمىسا ئەقىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن ، ئېرى قانچىكى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ، روزغارى قانچىكى كەمبەغەل بولسا ، ئۇ شۇنچە ئەقىدىلىك مەستۇرە بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن . پىداكارلىق بولسا ئىككى خىل بولىدىكەن : بىر خىلى ــ مەيلى ياتلىق بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېرى بىلەن تەڭلا جېنىنى پىدا قىلغانلار ؛ يەنە بىر خىلى ــ باسقۇنچىلار ئىپپىتىگە تېگىشكە ئۇرۇنغاندا ، بىر ئىلاج قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر . بۇلار قانچىكى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلسە شۇنچە پىداكار بولىدىكەن . ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتەلمەي ، ئىپپىتىنى بۇلغىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا ، سۆز ـ چۆچەككە قېلىشتىن خالىي بولالمايدىكەن . بەختى ئوڭ كېلىپ ، كەڭ قورساق ئەخلاقشۇناسلارغا يولۇقۇپ قالسا ، گاھىدا ئۇلارمۇ ئانچە ـ مۇنچە يۈز خاتىر قىلىپ ، ئۇنىڭغا « پىداكار » دەپ نام بېرىپ قويىدىكەن . لېكىن ئەدىبلەر ئۇلارنىڭ تەرجىمھالىنى يېزىشنى ئانچە خالىمايدىكەن ، زورىدىن ـ زورىغا قەلەم تەۋرەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئاخىر يەنە « ئىسىت ، ئىسىت » دېگەن سۆزلەرنى قىستۇرماي قويمايدىكەن .

قىسقىسى ، ئاياللار ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قارىلىقنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېرىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشى كېرەك ئىكەن ، باسقۇنچىلارغا يولۇقۇپ قالغاندا ئۆلۈپ تۈگىشىشى كېرەك ئىكەن ، مۇشۇنداق ئادەملەرگە تەھسىن ـ ئاپىرىن قىلغاندا ، زامان ئوڭلىنىپ كېتىدىكەن ، ئادەملەرنىڭ نىيىتى ياخشىلىنىدىكەن ، جۇڭگو نىجات تاپىدىكەن ــ ئومۇمىي مەنىسى

ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت .

كاك يۇۋېي پادىشاھ دېگەن قۇرۇق نامغا ئىتائەت قىلغان بولسا ، كارامەتچىلەر جىن – ئەرۋاھلار ۋەسۋەسىلىرىنى دەستەك قىلىۋالغان . لېكىن ئەقىدىلىك ، پىداكارلىقنى تەقدىرلەش ھوقۇقى پۈتۈنلەي خەلقنىڭ قولىدا ، بۇ يولدا خەلقنىڭ ئۆزى بارا – بارا راسا كۈچ چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ . ۋەھالەنكى ، مېنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەچچە سوئالىم بار ، بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم كېرەك ۋە ئۆز پىكرىم بويىچە بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىم كېرەك . مەن يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەنكى ، ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىق بىلەن جاھاننى ئوڭشاش تەلىماتى كۆپ سانلىق خەلقنىڭ پىكرى ، بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچى پەقەت جارچى كاناي . سادا شۇنىڭدىن چىقسىمۇ ، لېكىن ئۇ پۈت – قول ، بەش ئەزا ، نېرۋا ۋە ئىچ – باغرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سوئال ۋە جاۋابلىرىمنى ئەنە شۇنداق كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتىمەن .

بىرىنچى سوئالىم : ئەقىدىسىز ۋە پىداكارسىز خوتۇن – قىزلار دۆلەتكە قانداق زىيان يەتكۈزۈپتۇ ؟ ھازىرقى ئەھۋال بويىچە ، « دۆلەت دۆلەت بولماي قالغانلىقى » دىغۇ گەپ يوق : ۋىجدانسىزلىقتىن يۈز بېرىدىغان چاتاقلار توختىماي چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، يېغىلىق ، ئوغرىلىق – قاراقچىلىق ، سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى ، ئاچارچىلىق – قەھەتچىلىك ھادىسىلىرىمۇ كەينى – كەينىدىن يۈز بېرىۋاتىدۇ . لېكىن بۇنداق ھادىسىلەر يېڭى ئەخلاقتا ، يېڭى ئىلىمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ، ھەرىكەتتە ، تەپەككۇردا تامامەن كونىلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولماقتا . دېمەك ، ھازىرقى خىلمۇ خىل زۇلمەت قەدىمكى پاراكەندە زامانىدىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت ، ئارمىيە ، ئىلىم – پەن ، سودا ۋە باشقا ساھەلەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەركەكلەر ، ئۇلارغا ئەقىدىسىز ۋە پىداكارسىز خوتۇن – قىزلار ئارىلىشىپ قالغىنى يوق . ھوقۇقدار ئەركەكلەرنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ناز – كەرەشمىلىرىگە مەست بولۇپ ، ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن بىمالال يامان يولغا كىرىپ كېتىشىمۇ ناتايىن . شۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىگە ، ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك



ھادىسىلىرىگە كەلسەك ، بۇلار سۇ مۇئەككىلگە چوقۇنۇش ، خىزىرغا تېۋىنىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ، دەل – دەرەخلەرنى بىھۇدە كەسكەنلىك ، سۇ ئىنشائاتلىرى ياسىماسلىقنىڭ كاساپىتى ، يېڭى ئىلىم – پەندىن خەۋەرسىز قالغانلىقنىڭ نەتىجىسى ، بۇلارنىڭ خوتۇن – قىزلار بىلەن تېخىمۇ ئالاقىسى يوق . يېغىلىق ، ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىق ھادىسىلىرى كۆپ چاغلارغا بىرمۇنچە ئەقىدىسىز ، پىداكارسىز خوتۇن – قىزلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا زامىن بولىدۇ . لېكىن ئاۋۋال يېغىلىق ، قاراقچىلىق پەيدا بولىدۇ ، ئاندىن كېيىن ئەقىدىسىزلىك ، پىداكارسىزلىق پەيدا بولىدۇ ، خوتۇن – قىزلارنىڭ ئەقىدىسىزلىكى ، پىداكارسىزلىقى يېغىلىق ، ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىققا زامىن بولغان ئەمەس .

ئىككىنچى سوئالىم : ئوڭشاش جاۋابكارلىقى قانداقسىگە خوتۇن – قىزلارغا يۈكلىنىدىكەن ؟ كونىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، خوتۇن – قىزلار « مۇئەننەس جىنس » گە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۆي ئىچىگىلا ئىگىدارلىق قىلارمىش – دە ، ⑦ ئەركەكلەرنىڭ بېقىندىسىمىش ، جاھاننى ئوڭشاپ ، دۆلەتنى نىجات قىلىش مۇزەككەر جىنسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىكى ئىش بولۇپ ، پۈتۈنلەي تالا كىشىلىرىگىلا تايىنارمىش – دە ، بۇنىڭغا پەقەت ئەرلەر تايانچ بولارمىش ، بۇنداق ناھايىتى چوڭ مەسىلىنى مۇئەننەس جىنسلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەشكە زادى بولماسمىش . يېڭى قاراش بويىچە ئېيتقاندا ، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر ، مەجبۇرىيەتلىرىمۇ سەل ئوخشايدۇ . مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش توغرا كەلگەندە تەڭ ئېلىشى كېرەك ، قالغان نىسبىنى تەشكىل قىلغان ئەركەكلەرمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى كېرەك . زالىملارنى يوقىتىش بىلەنلا قالماستىن ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنىمۇ جارى قىلىشى لازىم . خوتۇن – قىزلارنىڭ ئەدىبىنى بەرسەملا ، ئۇلارغا پەند – نەسىھەت قىلساملا ، پەرھىزنى ئادا قىلغان بولىمەن ، دەپ قاراش يارىمايدۇ .

ئۈچىنچى سوئالىم : تەقدىرلىگەندىن كېيىن ، نېمە نەتىجە چىقىدۇ ؟ ھايات خوتۇن – قىزلارنى ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ خىلغا ئايرىغاندا ، ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ خىل ، بۇلار : بىر خىلى —

ئەقىدە ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەشكە لايىق بولغانلار ( پىداكارلار ئۆلمەي قالمايدۇ ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمىدىم ) ، يەنە بىر خىلى — ئەقىدىسىز ، پىداكارسىزلار ؛ يەنە بىر خىلى — تېخى ئەرگە تەگمىگەن ياكى ئېرى بار ، لېكىن قاراقچىنىمۇ ئۇچرىغان ، ئەقىدىلىك ، پىداكار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى تېخى مەلۇم بولمىغانلار . بىرىنچى خىلدىكىلەر يارايدۇ ، هازىر تەقدىرلىنىۋاتىدۇ ، بۇ هەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق . ئىككىنچى خىلدىكىلەر يارىمايدۇ ، جۇڭگودا تووۋا - پۇشايمان قىلىشقا ئەزەلدىن تارتىپ يول قويۇلغان ئەمەس ، خوتۇن - قىزلار بىر ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا ، ئۇ خاتالىقنى تۈزىتىپ تۈگىتەلمەيدۇ ، ئىزا - ئەلەمدە ئۆلگىنى ئۆلگەن ، بۇ هەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ هاجىتى يوق . هەممىدىن مۇهىمى ئۈچىنچى خىلغا كىرىدىغانلار ، هازىر ئۇلار پەند - نەسىهەت بىلەن ئېرىتىلگەن ، ئۇلارنىڭ هەممىسى : « كەلگۈسىدە ئېرىم ئۆلۈپ - تارتىپ كەتسە ، هەرگىز باشقا ئەرگە تەگمەيمەن ، ئەگەر قاراقچىغا يولۇقۇپ قالسام ، دەرهال جاندىن كېچىمەن ! » دېگەن نىيەتكە كەلگەن . قېنى ئېيتىپ باقسۇنچۇ ، مۇشۇنداق نىيەتنىڭ جۇڭگو ئىقلىمىدە ئەركەكلەر ئاساس قىلىنغان زامان ، ۋىجدان بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈم . يەنە بىر قوشۇمچە سوئالىم شۇكى ، ئەقىدىلىك ، پىداكار ئادەملەر ئەخلاق - پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىدىن تەقدىرلەنگەن - تەۋسىيەلەنگەن بولىدۇ . هەر كىم ئۆگىنىپ ئەۋلىيا - دانىشمەن بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ئەقىدىلىك ، پىداكار بولۇش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس . مەسىلەن ئېيتايلۇق ، ئۈچىنچى خىلغا كىرىدىغان ئادەم ناهايىتى يۈكسەك نىيەت بىلەن بەل باغلىغان بولسۇن ، مۇبادا ئۇنىڭ ئېرى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە ، جاهان تىنچ تۇرۇۋەرسە ، ئۇ هالدا ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۆمۈر بويى ميانە ئادەم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

يۇقىرىقىلار پەقەت كونا ساۋات بويىچە بىرئاز تەتقىق قىلىنىۋىدى ، ئۇنىڭدا بىر مۇنچە زىددىيەتلەر كۆرۈلدى . 20 - ئەسىرنىڭ ئانچە - مۇنچە پۇراقلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن يەنە ئىككى قات مەسىلە تۇغۇلدى :



بىرىنچى مەسىلە — ئەقىدە ۋە پىداكارلىق ئەخلاققا كىرەمدۇ - يوق ؟ ئەخلاق دېگەن نەرسە ئومۇمىي بولۇشى ، ئۇنىڭغا هەممە ئادەم رىئايە قىلىشى ، هەممە ئادەم ئەمەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك ، شۇنىڭدەك ئۆزىگىمۇ ، ئۆزگىگىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇشى لازىم ، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ مەۋجۇت تۇرۇش قىممىتى بولىدۇ . هازىرقى ئەقىدە ۋە پىداكارلىق دېگەن نەرسە ئەركەكلەردىن ئاجرىتىپ تاشلانغان ، ئۇلار بىلەن مۇتلەق ئالاقىسىز قىلىپ قويۇلغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن - قىزلارنىڭ هەممىسىلا شۇنداق شان - شۆهرەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىۋەرمەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەخلاق - پەزىلەت دەپ قارىغىلى ، رەسمىي ئۈلگە قىلغىلى بولمايدۇ . بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۆتكەن نۆۋەت « يېڭى ياش » قا بېسىلغان « ئىپپەت توغرىسىدا » ⑧ دېگەن ماقالىدە ئېيتىلغان . بىراق ئىپپەتلىك دېگەن سۆز ئېرى بار ئاياللارغا قارىتىلغان ، ئەقىدىلىك دېگەن سۆز ئېرى ئۆلگەن ئاياللارغا قارىتىلغان ، بۇلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىنىڭ هېكمىتىنى ئەنە شۇلاردىن پەرەز قىلىپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ . پىداكارلىق دېگەن سۆز تېخىمۇ غەلىتە سۆز بولغاچقا ، بۇنى بىرئاز تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك تۈرلەندۈرۈلۈشىدىن قارىغاندا ، پىداكارلىقنىڭ بىرىنچى خىلى ئەمەلىيەتتە ئەقىدىلىك تۇل بولۇپ ئولتۇرۇشتىنلا ئىبارەت . بۇ يەردىكى پەرق شۇكى ، بىرى هايات ، بىرى ئۆلگەن . چۈنكى ئەخلاقشۇناسلار خىلغا ئايرىشتا پۈتۈنلەي ئۆلۈك - تىرىك ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىدۇ - دە ، ئەقىدىلىكلەرنى پىداكارلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ . خۇسۇسىيىتى پۈتۈنلەي باشقىچە بولغانلىرىنى ئىككىنچى خىلغا كىرگۈزىدۇ . بۇ خىلغا كىرىدىغانلار شۇنداق ئادەملەركى ، بىرەر زەئىپە ( هازىرقى ئەهۋالدىن قارىغاندا ، خوتۇن - قىزلار يەنىلا زەئىپە ) ئەركەك قاراقچىغا ئۇشتۇمتۇت دۇچ كەلگەندە ، دادىسى ، ئاكىسى ، ئېرى ئۇنى قۇتقۇزالمايدۇ ، قولۇم - قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرەلمەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ ، ياكى نومۇسى ئاياغ - ئاستى بولۇپ كېتىدۇ ياكى بولمىسا ئۆلمەي ئاخىر تىرىك قالىدۇ ، كۆنلەرنىڭ

ئۆتۈشى بىلەن دادىسى ، ئاكىسى ، ئىنى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرى ، شۇ
قاتاردا ئەدىبلەر ، ئوقۇمۇشلۇقلار ۋە ئەخلاقشۇناسلار بارا ـ بارا توپلىن-
شىدۇ ـ دە ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ، قورقۇنچاقلىقىدىن نومۇس
قىلماي ، قاراقچىنى قانداق جازالاش مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئالماي ، ئۇ ئۆلۈپ-
تۇمۇ ؟ نومۇسىغا داغ تېگىپتىمۇ ، ئۆلگەن بولسا ئۇنداق ياخشى بوپتۇ ،
تىرىك قالغان بولسا مۇنداق يامان بوپتۇ دېيىشىپ ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگ-
مەي سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدۇ ، شۇنداق قىلىپ بىرمۇنچە شان ـ
شەرەپلىك پىداكار خوتۇن ـ قىزلارنى ، لەنەت ۋە نەپرەتكە قالدىغان بىر
مۇنچە پىداكارسىز خوتۇن ـ قىزلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشىدۇ . ئەگەر
خالىس نىيەت بىلەن ئويلاپ باقىدىغان بولساق ، ئۇنى ئەخلاق ـ پەزىلەت
جۈملىسىدىن دېيىشقۇ بۇياقتا تۇرسۇن ، شۇنداق ئىشلارنىڭ ئىنسانىيەت
ئىچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز .
ئىككىنچى مەسىلە ـــ كۆپ خوتۇنلۇق ئەركەكلەر ئەقىدىلىك ،
پىداكار دەپ تەقدىرلىنىشكە مۇناسىپمۇ ؟ ئىلگىرىكى ئەخلاقشۇناسلار
نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، ئەلۋەتتە تەقدىرلىنىشى كېرەك ئىمىش ، چۈنكى
جامائەتتىن باشقىچىرەك ئەركەكلەر بولىدىكەن ، ئۇ جەمئىيەتتە
ئالاھىدىرەك ياشاشقا مۇناسىپ بولارمىش ؛ يەنە بىر تەرەپتىن مۇئەننەس ـ
مۇزەككەر ، ئۆي كىشىسى ـ تالا كىشىسى دېگەندەك پەتىۋالارغا ئاساسەن ،
ئۇنىڭ خوتۇن ـ قىزلار ئالدىدا ئۆزىنى قاۋۇل كۆرسىتىشى مۇمكىن
ئىمىش . ۋەھالەنكى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە يو-
رۇقلۇق پەيدا بولدى ، ئىنسانلار مۇئەننەس ـ مۇزەككەر ، ئۆي كىشىسى ـ
تالا كىشىسى دېگەن پەتىۋالارنىڭ چېكىدىن ئاشقان سەپسەتە ئىكەنلىكىنى
چۈشىنىۋاتىدۇ ، شۇنداق بولغاچقا ، مۇزەككەرنىڭ مۇئەننەستىن قەدىر-
لىك ، تالا كىشىسىنىڭ ئۆي كىشىسىدىن ئەزىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ
بېرىشەلمەيدۇ ، ھالبۇكى ، جەمئىيەت ۋە دۆلەت پەقەت ئەركەكلەردىنلا
تەركىب تاپقان ئەمەس ـ دە ! شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتكىلا ئىشىنىپ
ھوقۇقتا ھەممە باپباراۋەر دېيىشكە توغرا كەلدى ، ھوقۇقتا باراۋەر بولغاند-
كەن ، ئەر ـ ئاياللار بىردەك رىئايە قىلىدىغان ئەھدە بولۇش كېرەك ،



ئەركەكلەر ئۆزلىرى رىئايە قىلالمايدىغان ئىشلاردا ئاياللارغا ئالاھىدە تەلەپ
قويماسلىقى كېرەك . ئەگەر سودىلىشىش ، كۆز بوياش ، تۆھپە قىلىپ
بېرىش يولى بىلەن بولغان نىكاھ بولغان بولسا ، تۇغما ئىپپەتنى تەلەپ قى-
لىشقىمۇ قىلچىلىك ئاساس يوق . بۇ ھالدا كۆپ خوتۇنلۇق ئەرلەر خوتۇن
ـ قىزلارنىڭ ئەقىدىلىكىنى ، پىداكارلىقىنى تەقدىرلەشكە قانداقمۇ توغرا
كەلگەي ؟!
يۇقىرىدىكىلەر بىلەن سوئال ـ جاۋابلىرىم تۈگىدى . بۇ ھەقتە
كۆرسىتىلگەن ئاساسلار شۇنداق غەلىتە ـ چولتا تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا بۇ
پەتىۋالار تېخىچىلا مەۋجۇت بولۇپ كېلەلەيدۇ ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب
بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىق دېگەن نەرسىلەرنىڭ
قانداق پەيدا بولغانلىقىغا ، قانداق ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا ۋە نېمە
ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئىسلاھات بولمايۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك .
قەدىمكى جەمئىيەتتە ئاياللار ئەرلەرنىڭ مۈلكى ئىدى . ئۇلارنى
ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ، يەپ كەتسىمۇ ئۆز مەيلى ئىدى ، ئەركەكلەر ئۆلۈپ
كەتسە ، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان گۆھەرلىرىنى ، ئادەتتە ئىشلىتىپ كەل-
گەن ئۈرۈش قوراللىرىنى مېيىت بۇيۇملىرى قىلىپ ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن
بىللە كۆممەي بولمايتتى . كېيىن جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى
بارا ـ بارا ئۆزگىرىپ ، ئەقىدە ساقلاپ تۇل ئولتۇرۇشمۇ بارا ـ بارا پەيدا
بولدى . لېكىن تۇل خوتۇنلار جىن ـ ئەرۋاھلارنىڭ خوتۇنى ئىمىش .
ئەرۋاھلار ئۇلار بىلەن بىللە يۈرەرمىش ، ئۇلارنى بىرەر ئادەمنىڭ ئۆز ئەم-
رىگە ئېلىشقا پېتىنالماسلىقى ئۇنى ئىككى ئەرگە خىزمەت قىلدۇرماسلىق
ئەمەس . مۇشۇنداق ئادەت ھازىرقى بەدىۋىلەر جەمئىيىتىدە ھېلىمۇ بار .
جۇڭگونىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانىدىكى ئەھۋالى ھازىر تەپسىلىي مەلۇم
ئەمەس . لېكىن جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جەسەت بىلەن
بىللە دەپنە قىلىش ئەھۋاللىرى بولسىمۇ ، مەخسۇسلا ئاياللارنى مېيىت
بۇيۇمى قىلىنمايدىغانلىقىغا ، يەنە ئەرگە تېگىشتىمۇ ئىختىيار ئۆزىدە ئىكەن-
لىكىگە ، ئۇنىڭ تەنبىھ ـ تەرگەۋ قىلىنمايدىغانلىقىغا قارايدىغان بولساق ،
ئۇلارنىڭ بۇنداق ئادەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىگە خېلى ۋاقىت بولغانلى-

قىنى بىلگىلى بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ، تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋرلەردىمۇ ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىق تەرغىپ قىلىنمىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، « كەسپىي رايىش » لار « ئاچلىقتىن ئۆلۈش چاغلىق ئىش، مەستۇرلۇك ئەقىدىسىنى يوقىتىش چوڭ مەسىلە » دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ـ دە، تارىخ كىتابلىرىدا « يەنە ئەرگە تەگكەن » دېگەن سۆزلەرنى كۆرسە ئەجەبلىنىپ كېتىشىدىغان بولدى. چىن قەلبىدىن چىققانمۇ ياكى قەستەن شۇنداق قىلغانمۇ، بۇنى ھازىرقى كۈندە قىياس قىلىش تەس. شۇ زامانلارمۇ « ۋىجدان زاۋال تاپقان، دۆلەت دۆلەت بولماي كەتكەن » زامانلار ئىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمەلدارلارمۇ، پۇقرالارمۇ قېلىپتىن چىقىپ كەتكەنىدى. ياكى بولمىسا، « كەسپىي رايىش » لارنىڭ ئاياللار ئەقىدىسىنى ساقلاپ ئولتۇرۇش كېرەك دېگەن گەپلەردىن پايدىلىنىپ، ئەرلەرنى قامچىلىماق بولغانلىقىمۇ ناتايىن. لېكىن بۇنداق دارىتىش ئۇسۇلى ئەسلىدىنلا بىر خىل مۇغەمبەرلىك، ئۇنىڭ ماھىيىتىمۇ روشەن ئەمەس ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا شۇ سەۋەبتىن ئەقىدىلىك بىر قانچە ئاياللارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلىپ بولمىسىمۇ، لېكىن مەنسەپدارلار، پۇقرالار، سەركەردە ـ سەرۋازلار بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ئىبرەت ئالماي كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن « ھەممىدىن بۇرۇن مەرىپەتلىك بولغان، پەزىلەتتە بىرىنچى بولغان » جۇڭگو ئاخىر « ساڭسىز تېڭگىرى دا بوۋ ئىنخجۇل »، « چېچىن قاغان، ئۇلزىت قاغان، شىلگۇ قاغان » [9] لارغا ئەل بولۇپ كەتتى. ئۇلاردىن پادىشاھ بىر قانچە قېتىم يەڭگۈشلەنگەن بولسىمۇ، مەستۇرلۇك ئەقىدىسىنى ساقلاش ئىدىيىسى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. پادىشاھلار ۋەزىر ـ ئەمەلدارلارنى ساداقەتلىك بولۇشقا مەجبۇر قىلسا، ئەركەكلەر ئاياللارنى مەستۇرلۇك ئەقىدىسىنى ساقلاشقا تېخىمۇ قاتتىق مەجبۇرلىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، رايىش موللىلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتتى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەتتا خان قىزلىرىنىڭمۇ يەنە ئەرگە تەگكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى كۆرۈپ قالسىمۇ غەزەپلىنىپ: « بۇ قانداق دېگەن



ئىش؟ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ شەنىنى بولغىساڭ، بۇنىڭغا قانداقمۇ سەۋر قىلغىلى بولسۇن! » دەيدىغان بولدى. ئەگەر تاڭ دەۋرىدە ياشىغان شۇ ئادەملەر ھايات بولىدىغان بولسا، « ئادەملەرنىڭ نىيەت ئىقبالىنى توغرىلاش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنى رۇسلاش » ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشى چوقۇم.

خەلق مەھكۇم ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندا، مەستۇرلۇك ئەقىدىسىنى ساقلاش ئەۋج ئالغان، شۇنىڭ بىلەن پىداكار ئاياللارمۇ قەدىرلىنىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى ئاياللار ئەرلەرگە مۈلۈك بولۇپ قالغان، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئايالنىڭ يەنە ئەرگە چىقىشىغا يول قويۇلمىغان، ئېرى ھايات بولسا، باشقىلارنىڭ تارتىۋېلىشىغا تېخىمۇ يول قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرى مەھكۇم پۇقرا بولۇپ قالغانلىقتىن، قوغداشقا قۇدرىتى، قارشى چىقىشقا قۇربى يەتمەي، باشقىچە ئەقىل تېپىپ، ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى تەرغىب قىلغان ياكى خوتۇن ـ قىزلىرى تولىمۇ كۆپ بولغان دۆلەتمەن ئادەملەر، دېدەك ۋە كېچىك خوتۇنلىرى نۇرغۇن بايلار، مالىمان بولغان چاغلاردا، ئۇلارغا قارىيالمىغاچقا، « ئىسيانچى لەشكەر » [10] لەرگە ( ياكى « پادىشاھ لەشكەرلىرى » گە ) يولۇقۇپ قالغاندا ئامالسىز قېلىپ، ئۆزىنىلا قۇتقۇزۇپ، باشقىلارنى پىداكار ئاياللاردىن بولۇشقا دەۋەت قىلغان، چۈنكى پىداكار ئاياللارنى « ئىسيانچى لەشكەر » لەر كېرەك قىلمايتتى. ئېرى بولسا، مالىمان بېسىققاندىن كېيىن ئاستا قايتىپ كېلىپ، پىداكار خوتۇن ـ قىزلىرىنى بىر نەچچە ئېغىز ماختىشىپ قوياتتى، ئەرنىڭ يەنە ئۆيلىنىشى بولسا ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بولغاچقا، ئۇ باشقا خوتۇن ئېلىپ، ئىشنى تۈگىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاھاندا « ئىككى پىداكارنىڭ قوشما قىسسىسى »، « يەتتە توقالنىڭ قەبرە تەزكىرىسى » [11] دېگەن كىتابلار بارلىققا كەلگەن، ھەتتا چيەن چيەنيىنىڭ توپلاملىرىمۇ « ئەقىدىلىك ئايال جاۋ » نىڭ، « پىداكار ئايال چيەن » نىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى مەدھىيىلەر بىلەن تولغان.

ئەل ئىچىدە باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان ھالەتلەر ھۆكۈم

سۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەقىدە ساقلاپ ئولتۇرۇشى
پەرھىز بولغان ۋە ئەرلەر كۆپ خوتۇن ئالسىمۇ بولىۋېرىدىغان جەمئىيەتتە
شۇنداق غەيرىي تەبىئىي ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇنىڭ بارغانسېرى نازۇكلىشىپ ئاۋارىگەرچىلىككە ئايلىنىپ كې-
تىشى ئەسلىدە ئەجەبلىنەرلىك بىر ئەھۋال ئەمەس ئىدى. لېكىن
تەشەببۇس قىلغۇچىسى ئەركەكلەر، قاپقانغا چۈشىدىغىنى ئاياللار. ئا-
ياللارنىڭ بۇ ھەقتە زادىلا باشقىچە گەپ - سۆزى يوقمۇ؟ ئەسلىدە «ئايال
دېگەن سۆز مەزلۇم دېگەن سۆز» مىش، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا خىزمەت
قىلىشى پەرھىز ئىمىش، ئۇلارنى ئىلمىي - ئىرپاندىن بەھرىمەن
قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوقمىش، ھەتتا ئۇلار ئېغىز ئېچىپ جاۋاب ياندۇر-
سىمۇ گۇناھلىق بولارمىش. دېمەك ئۇلار مەنىۋى جەھەتتىمۇ خۇددى
جىسمانىي جەھەتتىكىگە ئوخشاشلا غەيرىي تەبىئىي ھالغا چۈشۈرۈپ
قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ غەيرىي تەبىئىي ئەخلاق - پەزىلەت
توغرىسىدا ھەقىقەتەن باشقىچە پىكىرمۇ بولماي كەلدى، باشقىچە پىكىر
بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئىزھار قىلىش پۇرسىتى بولماي
كەلدى. «ھۇجرىدا ئولتۇرۇپ تەلمۈردۈم ئايغا»، «باغدا قىلدىم گۈلنى
تاماشا» دېگەندەك شېئىرلارنى يېزىشتا ئېرىم «خىيال كىرىپ قاپتۇ»
دەپ تىللارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغان يەردە، «جاھاندىكى توغرا كەيپ-
يات» نى بۇزۇپ تاشلاشقا قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟ مەدداھلىق
كىتابلىرىدىلا بىر نەچچە ئايالنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىسىدە ئەقىدە ساقلاپ
ئولتۇرۇۋېرىشنى خالىمىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنداق كىتابلارنى
يازغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاياللار باشقا ئەرگە تەگكەندىن كېيىن،
ئىلگىرىكى ئېرىنىڭ ئەرۋاھى كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىپ، جەھەننەمگە
تاشلىۋەتكەنمىش، ئۇلارنىڭ بەزىسى بولسا خەلقى ئالەمنىڭ لەنەت - نەپ-
رەتلىرىگە قېلىپ، قەلەندەر بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ يول بىلەن جان
باقالماي، ئاخىر ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنمىش!

مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئاياللار «تەن» بەرمەي مۇمكىن ئەمەس-
مىش. لېكىن ئەركەكلەر نېمىشقا ھەقىقەتنى تەشەببۇس قىلماي، پەرۋاسىز



يۈرۈۋېرىدۇ؟ خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، مەتبۇئاتلارنى «كەسپىي
رايىش» لار ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن كې-
يىن بۇ ھال تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتكەن. شۇڭا «كەسپىي رايىش»
لاردىن باشقىلارنىڭ بىرەر پارچە كىتابىنىمۇ كۆرمىدۇق، موللىلاردىن
باشقىلارنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق. راھىبلار، سوپىلارنىڭ
ئەمرى - مەرۇپلىرىدىن تاشقىرى، باشقا «مۇرتەتلەر» نىڭ سادالىرى ئۆز
ھۇجرىسىدىن بىر قەدەممۇ تاشقىرىغا چىقالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
خەلقى ئالەمنىڭ تولىسى «رايىش دېگەن سۆز مۆمىن دېگەن
سۆز» [12] نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى، مۇھاكىمە قىلىۋەرمەي شەرھلەش
چوڭ گۇناھ [13] ھېسابلىناتتى. بەزىلەر بىدئەت گەپلەرنى ئوقۇغان
تەقدىردىمۇ، ھەقىقەتنى بايان قىلىش يولىدا جېنىدىن ۋاز كېچىشنى خالى-
مايتتى. ئەقىدىنى، شەرمىنى يوقىتىش ھادىسىسىنىڭ ئىككى جىنس — ئەر،
ئايال ۋاستىسى بىلەنلا يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىم بىلمىسۇن؟ شۇنداق بول-
سىمۇ پەقەت ئاياللارنىلا ئەيىبلىشەتتى، لېكىن باشقىلارنىڭ ئىپپەت -
نومۇسىغا تەگكەن ئەركەكلەر ۋە پىداكارسىزلىقتا زامىن بولغان باسقۇنچىلار
بولسا، كۆز باغلاپلا خالاس بولۇپ كېتەتتى. ئەركەكلەرگە تىل تەگكۈزۈش
ئاياللارغا قارىغاندا قىيىن، جازالاشمۇ تەقدىرلەشكە قارىغاندا قىيىن ئىدى.
شۇ ئارىدا بىر نەچچە ئەركەك بۇنداق ئەھۋالدىن بىئارام بولۇپ، ئوتتۇرىغا
چىقىپ ئۆي قىزلىرى پېشانىگە پۈتۈلگەن ئەھدى - نىكاھقا باغلىنىپ
كۈيۈۋسى بىلەن ئۆلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك، دېگەن خالىس گەپ-
لەرنى [14] قىلغان بولسىمۇ، جەمئىيەت ئۇنىڭغا قۇلاق سالغان ئەمەس، ئەگەر
يەنە شۇنداق سۆزلەۋەرسە، جەمئىيەتكە سىغمايتتى، ئەقىدىسىنى - مەستۇ-
رىلىكىنى يوقاتقان ئاياللارغا ئوخشاش دىشۋارچىلىقتا قالاتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلارمۇ «رايىش» بولۇپ، لام - جىم دېمەيدىغان بولۇپ قالاتتى.
دېمەك، ئەقىدىلىك، پىداكارلىق مەسىلىسىدە ھازىرغىچە ئۆز گىرىش بولغىنى
يوق.

(شۇ تاپتا شۇنى جاكارلىشىم كېرەككى: ھازىرقى ۋاقىتتا ئەقىدىلىك،
پىداكارلىقنى تەرغىب قىلىۋاتقان ئادەملەر ئىچىدە مەن خېلى ئوبدان

بىلىدىغان ئادەملەرمۇ بار. شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى ئادەملەر بار، ئۇلارنىڭ نىيىتىمۇ ياخشى. لېكىن ئۇلارنىڭ نىجاتلىق يولىنى تېپىش ئۇسۇلى توغرا ئەمەس، ئۇلار غەربكە قاراپ ماڭىمەن دەپ شىمالغا كېتىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن غەربتىن تۈپتۈز شىمالغا بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭمۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.)

يەنە بىر سوئالىم:

ئەقىدىلىك، پىداكار بولۇش تەسمۇ؟ جاۋاب: ناھايىتى تەس. ئەركەكلەر ئۇنىڭ ناھايىتى تەس ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئۇنى تەقدىرلەشكە تىرىشىدۇ. جامائەتنىڭ نەزەرىدە ئەزەلدىن ئىپپەتلىك بولۇش ياكى پاسىق پاھىشە بولۇش پۈتۈنلەي خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىشى ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. خوتۇن - قىزلارنى ئەركەكلەر ئازدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جاۋابكارلىقى ئەركەككە يۈكلەنمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەركەك A ئايال B نى ئازدۇرسا، ئايال B ئۇنىڭغا كۆنمىسە، ئۇ ئايال ئەقىدىلىك، ئىپپەتلىك بولىدۇ، ئۆلۈپ كەتسە پىداكار بولىدۇ، ئەركەك A بەتنامغا قالمايدۇ، جەمئىيەتمۇ قۇسۇرسىز ھېسابلىنىۋېرىدۇ. مۇبادا ئايال B ماقۇل دېسە، ئەقىدىسىنى - ئىپپىتىنى يوقاتقان بولىدۇ، ئەركەك A يەنىلا بەتنامغا قالمايدۇ، لېكىن خەلقى ئالەم پەزىلىتىنى ئايال B بۇلغىغان بولىدۇ، باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق. دېمەك، تارىختا دۆلەتنىڭ ھالاكەتكە، ئائىلىنىڭ خارابلىققا ئۇچرىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەمىشە خوتۇن - قىزلارغا يۈكلەپ قويۇلغان. جاھان ئەھلىنىڭ جىنايەتلىرىنى خوتۇن - قىزلارنىڭ نادانلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ۋەكالىتەن ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئۈچ مىڭ يىلدىن ئېشىپ كەتتى. ئەركەكلەر جاۋابكارلىقتا تارتىلمىغاچقا، توۋا پۇشايمانمۇ قىلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئازدۇرۇۋېرىشى تەبىئىي، ئەدىبلەر بولسا ئۆز ئەسەرلىرىدە، ئەكسىچە، ئۇنى شېرىن پاراڭ قىلىپ تارقىتىپ كەلمەكتە. دېمەك، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۆپچۆرىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەۋپ بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز دادىسى، ئاكىسى ۋە ئېرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ئاز - پاز شەيتانلىق بىلەن قارايدۇ.



شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى تەس دەيمەن.

ئەقىدىلىك، پىداكار بولۇش جاپالىق ئىشمۇ؟ جاۋاب: ناھايىتى جاپالىق. ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ناھايىتى جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، تەقدىرلەشكە تىرىشىدۇ. ئىنسانلا بولىدىكەن، ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، پىداكار بولۇش ئۈچۈن ئۆلۈش كېرەك، بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەقىدىلىك ئاياللارغىمۇ ھاياتلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇ يولدا چېكىدىغان مەنىۋى ئازابلىرى توغرىسىدىمۇ ھازىرچە سۆزلىمەي تۇرايلى. تۇرمۇشنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى زور ئازاب. ئەگەر قىز بالا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولسا، جەمئىيەتمۇ ھەمكارلىشىشنى بىلسە، ئۇ ئۆزى يالغۇزمۇ بىر ئىلاج قىلىپ ياشىيالايدۇ. ئەپسۇسكى، جۇڭگودا ئەھۋال دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ كەلمەكتە. دېمەك، پۇلى بارلار ياشىيالايدۇ، گادايلارغا ئاچ قېلىپ ئۆلۈشتىن باشقا ئامال يوق. ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەزىلەر لەۋھە بىلەن تەقدىرلىنىپ، مازار - گۈمبەزلىك بولۇپمۇ قالىدۇ، تەزكىرىلەرگىمۇ يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى ۋىلايەت - ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىنىڭ، قىسسىلىرىنىڭ ئاخىرىدا «پىداكار ئايال» دېگەن بابلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. شۇنداق كىتابلارنىڭ بىر قۇرىغا بىر ئادەم ياكى بىر قۇرىغا ئىككى ئادەم — جاۋ، چيەن، سۇن، لى دېگەندەك يېزىلغان، لېكىن ئۇلارنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ باقىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، ھەتتا ئەقىدىلىككە، پىداكارلىققا چوقۇنىدىغان كاتتا ئەخلاقشۇناسلاردىن: مۇبارەك دىيارىڭىزنىڭ تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن پىداكار ئاياللارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئون كىشى كىملەر دەپ سورايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭمۇ ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاياللار ھاياتلىقىدا جەمئىيەت بىلەن ئالاقە قىلمىغان، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ جەمئىيەت ئۇلارغا پەرۋا قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ناھايىتى جاپالىق، دەيمەن.

بۇ گەپچە، ئەقىدىسىز، پىداكارسىز بولسا جاپا چەكمەمدىكەن؟ جاۋاب: ئۇنداقتىمۇ ناھايىتى جاپا چېكىدۇ. ئەقىدىسىز، پىداكارسىز ئاياللار

جامائەتنىڭ نەزەرىدە پەس بولغاچقا، شۇ جەمئىيەتكە ئۇ سىغالمايدۇ. جەمئىيەتتە ئۆتكەن كۆپ سانلىق بۇرۇنقى ئادەملەردىن مۇجمەل تەرىقىدە ئۇدۇم بولۇپ قالغان قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ھېچ سۆزلىگۇچىلىك ئاساسى يوق، دىتىغا ياقمايدىغان ئادەملەرنى تارىخنىڭ ۋە رەقەم - سانىنىڭ كۈچى بىلەن سىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. ئەنە شۇنداق باشلامچىسىنىڭ نامى بولمىغان، ئاگسىز كەلگەن قاتىللار ئەھلىنىڭ ئىلكىدە بۇرۇندىن تارتىپ قانچىلىك ئادەم ئۆلۈپ كەتمىدى دەيسىز ؟! ئەقىدىلىك، پىداكار ئاياللارمۇ ئەنە شۇنىڭدا ئۆلگەن. بىراق ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، بەزىلىرى بىرەر قېتىم تەقدىرلىنىپ، تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلگەن. ئەقىدىسىز پىداكارسىزلارمۇ ھايات ۋاقتىدا ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق ئادەملەرنىڭ تىل - ئاھانەتلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇلارمۇ ناھايىتى جاپا چېكىدۇ، دەيمەن.

خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۆزى ئەقىدىلىك مەستۇرە ۋە پىداكار بولۇشنى خالامدۇ؟ جاۋاب: خالىمايدۇ، ئىنسانلاردا قانداقلا بولمىسۇن بىر خىل غايە، بىر خىل ئارزۇ بولىدۇ. بۇ غايە ۋە ئارزۇلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەھمىيىتى بولۇش كېرەك. ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ مەنپەئەتلىك بولۇشقا تىرىشمۇ ياخشى. ھېچ بولمىغاندا ئۆزىگە بولسىمۇ پايدىلىق بولۇشى كېرەك. ئەقىدىلىك ۋە پىداكار بولۇش ناھايىتى تەس، ناھايىتى جاپالىق، ئۇنىڭ باشقىلارغىمۇ پايدىسى يوق، ئۆزىگىمۇ پايدىسى يوق. ئۆزى خالىغان دېگەن گەپ ھەقىقەتەن ئادىمىگەرچىلىككە ئۇيغۇن ئەمەس. دېمەك، ئەگەر قىز - جۇۋانلارغا، سىزنىڭ كەلگۈسىدە ئەقىدىلىك مەستۇرە، پىداكار بولۇشىڭىزنى چىن قەلبىمدىن تىلەيمەن، دەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چوقۇم غەزەپلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭ دادىسى، ئاكىسى ۋە ئېرىنىڭ قەدىرلىك مۇشتىنى يەپ قېلىشىڭىزمۇ ئېھتىمال. شۇنداق بولسىمۇ ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىقنىڭ يىمىرىلمەس بىر نەرسە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئەنە شۇ تارىخ ۋە رەقەملەر زامىن بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىقتىن ھەر قانداق ئادەم قاچىدۇ، ئۆز بېشىغا ۋە جان - جىگەر قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن



قورقىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، خالىمايدۇ، دەيمەن.

يۇقىرىقى پاكىت ۋە سەۋەبلەرگە ئاساسەن، ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىق توغرىسىدا شۇنداق ھۆكۈم قىلىمەنكى، ئۇ ناھايىتى تەس، ناھايىتى جاپالىق، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ، ئۇ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ، جەمئىيەت ۋە دۆلەتكىمۇ پايدىسىز، ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ئۇچۇنمۇ قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق ھەرىكەت. ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە قىممىتىنى ئاللىقاچان يوقىتىپ بولغان.

ئاخىردا يەنە بىر سوئالىم بار:

ئەقىدىلىك ۋە پىداكارلىق ھازىرقى دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە قىممىتىنى يوقاتقانىكەن، ئۇ ھالدا ئەقىلىك ۋە پىداكار ئاياللار بىكاردىن - بىكار جاپا چەككەن بولامدۇ؟ ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن: ئۇنىڭ تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدىغان قىممىتى بار، ئۇلار بىچارە، ئۇلار بىتەلەيلىكىدىن تارىخ ۋە رەقەمنىڭ ئاگسىز توزىقىغا چۈشۈپ، نامسىز باشلامچىلىقلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن. تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ قويسا بولىدۇ.

ئۆتكەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن يەنە شۇنداق نىيەت باغلايلىكى: ئۆزىمىزمۇ، باشقىلارمۇ پاك، زېرەك بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيلى. ساختا نىقابلارنى ئېلىپ تاشلايلى، ئالەمدىكى ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان كەلتۈرىدىغان غاپىللىق - نادانلىق ۋە زوراۋانلىقلارنى تۈگىتەيلى!

ئۆتكەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن يەنە شۇنداق نىيەت باغلايلىكى: ئىنسانىي ھايات ئۇچۇن قىلچىلىك ئەھمىيىتى بولمىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تۈگىتەيلى، باشقىلارنى ئازاب - ئوقۇبەتكە قالدۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھۇزۇرلىنىدىغان غاپىللىق — نادانلىق ۋە زوراۋانلىقلارنى تۈگىتەيلى!

يەنە ئىنسانلار ھالال بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولسۇن، دەپ نىيەت باغلىشىمىز كېرەك.

1918 - يىل 7 - ئاي

## ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپ 1918 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى « يېڭى ياش » ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ جىلد 2 ـ سانىغا تاگسى ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان. كېيىن ئاپتور تەرىپىدىن « قەبرە » توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئەقىدە ـ بۇ يەردە ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئەقىدە ساقلاپ، باشقا ئەرگە تەگمىگەن تۇل ئايال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

پىداكارلىق — بۇ يەردە قاراقچىلارغا يولۇقۇپ تەڭ تۇرالمىغاندا ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② كاڭ يۇۋېي ( 1858 ـ 1927 ) — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نەنخەي ناھىيىسىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ۋەكىلى. 1898 ـ ( ۋۇشۇي ) يىلىدىكى قانۇننى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى. قانۇننى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇن جۇڭشەن داھىيلىقىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى چىقىپ مۇنارخىستلار ( مۇتەئەسسىپلەر ) پارتىيىسىنى قۇردى. 1917 ـ يىلى شىمالىي مىلىتارىست جاڭ شۈن بىلەن ئالاقىلىشىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى پادىشاھ فۇيىنى تىكلەش ھەرىكىتىگە قاتناشتى. 1918 ـ يىلى 1 ـ ئايدا « تاقەتسىزلىك » دېگەن ژۇرنالنىڭ 9 ـ 10 بىرلەشمە سانىدا: « جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزە » ۋە « مۇشاۋىر سۈي شىچاڭغا خەت » دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، « دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت » كە قارشى تۇرۇپ، « ئاتاقتا پادىشاھ ساقلانغان جۇمھۇرىيەت » ( پادىشاھ ئورنىدا ساقلاپ قېلىنغان جۇمھۇرىيەت، يەنى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق ) نى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، جۇڭگودا دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈشكە قارشى تۇردى.

③ چېن دۇشيۇ ( 1880 ـ 1942 ) — ئەدەبىي لەقىمى جۇڭفو، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيىنىڭ ناھىيىسىدىن. « يېڭى ياش » ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى بولغان، ئەسلى بېيجىڭ داشۆسىنىڭ پروففېسسورى؛ « 4 ـ ماي » ھەرىكىتى دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسچىسى بولغان. جۇڭگو گوڭچەنداڭى قۇرۇلغاندا زۇڭشۇجىلىققا سايلانغان، بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، پارتىيە ئىچىدە ئوڭچىل تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى يولغا قويۇپ، ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان؛ كېيىن ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ تروتسكىچىلار بىلەن بىرلىشىپ، پارتىيىگە قارشى كىچىك گۇرۇھ قۇراشتۇرغان؛ 1929 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پارتىيىدىن چىقىرىلغان.



④ 1917 ـ يىل 10 ـ ئايدا يۈي فۇ، لۇ فى قاتارلىق كىشىلەر شاڭخەيدە پەزىلەتگاھ تەسىس قىلىپ رەممالىق قىلىپ « كارامەتچىلەر جەمئىيىتى » قۇرغان. 1918 ـ يىل 1 ـ ئايدا « كارامەتچىلىك مەجمۇئەسى » نى نەشر قىلىپ، خۇراپاتلىقنى ۋە كونىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلغان. پەزىلەتگاھ تەسىس قىلىنغان كۈنى قۇمغا پۈتكەن رەملىدە: « پەيغەمبەر، دانىشمەن، مالائىكە ۋە ئەۋلىيالار دۇنياغا تەڭلا كېلىدۇ » دەپ بايان قىلىشىدۇ، مېڭزى « پەزىلەتگاھقا رىياسەتچىلىك » قىلىدۇ، دەپ « تەبىر بېرىدۇ »، « بېشارەت » تە « بۇنداق پەزىلەتگاھقا رىياسەتچىلىك قىلىش پەيغەمبەر مېڭزىغا مۇناسىپ » دەپ كۆرسىتىلدى دېگەندەك بىمەنە گەپلەرنى تېپىشقاندى. 1918 ـ يىل 5 ـ ئايدا « يېڭى ياش » نىڭ 4 ـ جىلد 5 ـ سانىغا چېن بەينيەننىڭ « كارامەتچىلىككە رەددىيە »، چيەن شۈەنتۇڭ ۋە ليۇبەننۇڭنىڭ « كارامەتچىلىك مەجمۇئەسىگە رەددىيە » دېگەن ماقالىلىرى بېسىلىپ ئۇلارغا رەددىيە بېرىلگەن.

چېن بەينيەن — يەنى چېن داچى، بېيجىڭ داشۆنىڭ پروفېسسورى بولغان.

چيەن شۈەنتۇڭ ( 1887 ـ 1939 ) — تىلشۇناس، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشىڭ ناھىيىسىدىن، بېيجىڭ داشۆ، بېيجىڭ شىفەن داشۆلەردە پروفېسسورلۇق قىلغان. « 4 ـ ماي ھەرىكىتى » دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە پائال قاتناشقان.

ليۇ بەننۇڭ ( 1981 ـ 1934 ) — ئەسلى ئىسمى ليۇفۇ، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جياڭيىن ناھىيىسىدىن، يازغۇچى 1917 ـ يىلى بېيجىڭ داشۆسىدە پروفېسسور بولغان. « 4 ـ ماي » ھەرىكىتى مەزگىلىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە پائال قاتناشقان.

⑤ « يېڭى ياش » — « 4 ـ ماي » ھەرىكىتى مەزگىلىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى تەرغىپ قىلغان، ماركسىزمنى تەشۋىق قىلغان ئاساسلىق ئايلىق ژۇرنال؛ 1915 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن شاڭخەيدە چىقىشقا باشلىغان. بۇ ژۇرنالنىڭ 1 ـ جىلدى « ياشلار ژۇرنىلى » نامىدا چىقىرىلغان، 1916 ـ يىلى 2 ـ جىلد 1 ـ سانىدىن باشلاپ ژۇرنالنىڭ نامى « يېڭى ياش » قا ئۆزگەرتىلگەن. لۇشۈننىڭ « 4 ـ ماي » ھەرىكىتى مەزگىلىدىكى مۇتلەق كۆپ ئەسەرلىرى مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان.

⑥ بۇ يەردە يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ۋاقتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ چاغدا يۈەن شىكەي پادىشاھ بولۇش غەرىزىدە قۇرغان ئامانلىقنى ساقلاش جەمئىيىتىدىكى « 6 سۇلكەتچى » دىن بىرى

بولغان لىۇ شىپى « پادىشاھلىقنى تىكلەش توغرىسىدا » دېگەن بىر پارچە ماقالە يېزىپ، 1916 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا نەشر قىلىنغان « جوڭگو ئىلمى » ناملىق ژۇرنالنىڭ 1 ـ، 2 ـ سانلىرىغا چىقارغانىدى.

⑦ مۇئەننەس ۋە مۇزەككەر — مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان پەلسەپىسىدە ماددا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پايدىلانغان بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى ئۇقۇم. مۇئەننەس — چىشى؛ مۇزەككەر ـ ئەركەك.

⑧ بۇ يەردە ياپونىيىلىك ئايال يازغۇچى يوشىيە يىجىگزى يازغان « ئېپپەت توغرىسىدا » دېگەن ماقالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسى 1918 ـ يىل 5 ـ ئايدا « يېڭى ياش » نىڭ 4 ـ جىلد 5 ـ سانىغا بېسىلغان. بۇ ماقالىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئېپپەت جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكى كۆرسىتىلىپ، ئېپپەتنى ئەخلاق ئۆلچىمى قىلىۋالماسلىق تەشەببۇس قىلىنغان.

⑨ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئۆز يارلىقلىرىنىڭ بېشىغا ھەمىشە « ساگىسىر تېڭگىرى دابۇۋ ئىنخجۇل » ( ئۇلۇغ تەڭرىم ئامان ـ ئېسەنلىك ئاتا قىلغاي ) دېگەن سۆزلەرنى يازاتتى. بەزىدە « ساگىسىر تېڭگىرى » ( ئۇلۇغ تەڭرىم ) دېگەن سۆزلەرنى يازاتتى. يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ موڭغۇلچە مۇنداق قىسقا ناملىرى بار ئىدى: چېچىن ( چېچەن ) — قوبلاي خاننىڭ نامى، ئۇلزىت ( ئۆلمەس ) — تىمۇرنىڭ نامى؛ شىلگۇ ( چېۋەر ) — خاسىننىڭ نامى.

⑩ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنى ۋە پادىشاھلارغا قارشى تۇرغان بارلىق قوشۇنلار « ئىسيانچى لەشكەرلەر » دەپ ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى بولسا « پادىشاھ لەشكەرلىرى » دەپ ئاتاشقان.

⑪ بۇرۇنقى چاغلاردا ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىدە، « ئىككى پىداكارنىڭ قوشما قىسسىسى » خاتىرىلەنگەنلىكى دائىم ئۇچرايدۇ. « يەتتە توقالنىڭ قەبرە تەزكىرىسى » — مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا جاڭ شىچېڭنىڭ كۈيئوغلى فەن يۈەنشاۋ دېگەن كىشى شۈي دا تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەتتە كىچىك خوتۇندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنى بىراقلا بوغۇلۇپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. كېيىن بۇ يەتتە خوتۇننى بىرلىكتە سۇجۇدا دەپنە قىلغان. جاڭ يۈي بۇ قەبرىگە تەزكىرە يازغان.

⑫ رايىش — ئىنتائەتچان، مۆمىن، قارشى تۇرمايدىغان دېگەن سۆز.

⑬ « مۇھاكىمىلەر » نىڭ « مۇكالىمە » پەسلىدە كۇڭزىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى قەيت قىلىنغان: « مۇھاكىمە قىلىپلا شەرھلىمەي، قەدىمكىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ياخشى ». بۇنىڭ مەنىسى: ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئەينىچە بايان قىلىپ



بېرىپ، ئۆز پىكرىنى قوشۇپ شەرھلىمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

⑭ ئۆي قىزلىرى — ياتلىق بولمىغان قىزلار. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۈي يۇگۇاڭ « ئېپپەتلىك قىزلار توغرىسىدا » دېگەن ئەسەر يازغان؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋاڭ جۇڭ « قىزلارغا چاي ئىچۈرۈلۈپ بولۇپ تېخى توي قىلماي كۈيۈسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ قىز ئەھدى ـ نىكاھقا رىئايە قىلىپ بىللە ئۆلۈشى توغرىسىدا » دېگەن ئەسەرنى، يۇجىڭشې « ئېپپەتلىك قىزلار ھەققىدە مۇتالىئە » دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەردە ئۆي قىزلىرى پېشانىگە پۈتۈلگەن ئەھدى ـ نىكاھقا رىئايە قىلىپ تەگمىگەن كۈيۈسى بىلەن بىللە ئۆلۈشى كېرەك دېگەن فېئوداللىق ئەخلاققا قارشى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

# « چۇقان » غا كىرىش سۆز

ياش ۋاقتىمدا نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرگەنىدىم ، كېيىن ئۇنىڭ تولىسىنى ئۇنتۇپ كەتتىم . ئەمما بۇنىڭغا ئېچىنمايمەن . ئۆتمۈشنى ئەسلەش ، بەزىدە كىشىنى خۇشال قىلىشى مۇمكىن . بەزى چاغلاردا كىشىنى زېرىكتۈرمەيمۇ قويمايدۇ . كىشىنىڭ مەنىۋى رىشتىسى ئالللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن زېرىكتۈرگۈچ زامانلارغا ئىلىنىپ قالسا ، ئۇنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن . نېمە ئۈچۈندۇر ، مەن ئەنە شۇنداق زېرىكتۈرگۈچ ئۆتمۈشنى ئۇنتايالماسلىق بىلەن ئازابلىنىمەن . ئەنە شۇ تامام ئۇنتۇپ كېتەلمىگەنلىرىمنىڭ بىر قىسمى هازىر « چۇقان » نىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى .

مەن تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ، هەممىشە ، هەتتا هەر كۈنى دېگۈدەك گۆرۈكەش ۋە دورىپۇرۇش دۇكانلىرىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈردۈم . ئۇ چاغلاردىكى يېشىم يادىمدا يوق ، هەر هالدا مېنىڭ بويۇم دورىپۇرۇش دۇكىنىنىڭ پۇكىيىگە تەڭ كېلەتتى ، گۆرۈكەش دۇكىنىنىڭ پۇكىيى بولسا ، مەندىن بىر هەسسە ئېگىز ئىدى . مەن ئاشۇ بويۇمدىن بىر هەسسە ئېگىز پۇكەينىڭ تېشىدا تۇرۇپ ، ئېچكىرىسىگە كىيىم ـ كېچەك ياكى زەر جابدۇقنى سۇنۇپ بېرىپ ، خورلۇق ئىچىدە پۇلنى ئېلىپ ، ئاندىن كېيىن يەنە بويۇم بىلەن تەڭ پۇكەي ئالدىغا بېرىپ ، ئۇزۇندىن بۇيان ئاغرىپ ياتقان دادام ئۈچۈن دورا سېتىپ ئالاتتىم ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن يەنە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كېلەتتى . دورا قەغىزى يېزىپ بەرگەن تېۋىپ داڭلىق بولغاچقا ، ئۇنىڭ شىپالىق ئۈچۈن كۆرسەتكەن دورىلىرىمۇ : قىشلىغان قۇمۇش يىلتىزى ، ئۈچ يىل قىرو كۆرگەن شېكەر قومۇشى ، بىر جۈپ قارا چېكەتكە ، تۈزلەڭدە ئۆسىدىغان مېۋىلىك دەرەخ يىلتىزى ... دېگەندەك ئاجايىپ نەرسىلەر ئىدى . بۇلارنى راسلاشمۇ قىيىن ئىدى . لېكىن دادامنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ ، ئاخىرى



قازا تاپتى .

كېيىنكى هال ـ كۈنى بىر قەدەر ياخشىراق بولۇپ ، كېيىنچە موهتاجلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدىكەن ، ئۇ شۇنداق كېلىشمىگەن مۇساپىدە زامانە ئادەملىرىنىڭ هەقىقىي قىياپىتىنى چۈشىنىپ قالسا كېرەك ، دەپ ئويلايمەن . مەن خۇددى غەيرىي يولغا كىرمەكچى ، غەيرىي جايغا قاچماقچى ، شۇنىڭ بىلەن باشقا ئىسكەتتىكى كىشىلەرنى تاپماقچى بولغاندەك ، N گە بېرىپ ، K مەكتىپىگە ① كىرمەكچى بولدۇم . ئانام مېنى توسۇشقا ئىلاج تاپالماي ، مەيلىمگە قويۇۋەتتى ۋە يول خىراجىتىمگە سەككىز سەر تەڭگە جايلاپ بەردى ؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يىغلىۋەتتى ، بۇ ئادەتتە بولىدىغان ئىش ئىدى . چۈنكى ئۇ چاغدا كونا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ، ئەمەلدارلىق ئىمتىهانىغا قاتنىشىش توغرا يول هېسابلىناتتى ، يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىپ ، چەت ئەلچە ئوقۇش هېچ ئىلاج بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ ، بۇ روهىنى شەيتانغا سېتىۋەتكەنلىك بولۇپ هېسابلىناتتى ، بۇنداق كىشىلەر ئۈستى ـ ئۈستىگە ئىزا ـ ئاهانەتكە قالغىنىنىڭ تېشىدا ، چەتكە قېقىلاتتى ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلاتتى ، شۇڭا ئۇ يىغلىۋەتتى . مەن ئۇنداق ئىشلارغىمۇ باقماي ، ئاخىرى N گە بېرىپ K مەكتىپىگە كىردىم . دۇنيادا ئىلمىي تەبىئەت ، هېساب ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، رەسىم ۋە تەنتەربىيە دېگەنلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئەنە شۇ مەكتەپتە بىلدىم . فىزىئولوگىيە دەرسى ئوقۇلمىسىمۇ ، ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان « ئەزا تۈزۈلۈشى توغرىسىدا يېڭى نەزەرىيە » ۋە « خىمىيىۋى سەهىيە » دېگەندەك كىتابلارنى كۆردۇق . تېخىچە ئېسىمدە بار ، بۇرۇنقى تېۋىپلارنىڭ مۇهاكىمىلىرى ۋە دورا قەغەزلىرىنى شۇ چاغدا بىلگەنلىرىمگە چېقىشتۇرۇپ ، تېۋىپلارنىڭ قەستەن ياكى بىلمەستىن ئالدامچىلىق قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم ۋە ئالدانغان كېسەلمەنلەرگە هەم ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا ئىچىم ئاغرىدى ، هەتتا تەرجىمە قىلىنغان تارىخلاردىن ياپونىيىدىكى ئىسلاهات هەرىكىتىنىڭ تولىسى غەرب تېبابەتچىلىكىدىن ئىلهاملانغانلىقىنى بىلدىم .

ئاشۇنداق ئاددىيغىنا بىلىم مۇناسىۋىتى بىلەن ، كېيىنكى چاغلاردا

ياپونىيىدە سەھرادىكى تىببىي تېخنىكۇمدا ئوقۇپ قالدىم. مېنىڭ چۈشلىرىم ناھايىتى شېرىن ئىدى، مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن، دادامغا ئوخشاش بىھۇدە دەرد تارتقان كېسەلمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىمەن، ئۇرۇش ۋاقتى توغرا كەلسە، ھەربىي دوختۇر بولىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەنداشلىرىمنىڭ « ئىسلاھات ھەرىكىتى » گە بولغان ئىشەنچىسىنى ئالغا سۈرىمەن، دەپ ئويلايتتىم. مىكروبىئولوگىيە دەرسىنى ئوقۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ھازىر قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قىسقىسى، ئۇ چاغدا مىكرو ئورگانىزملارنىڭ شەكلى كىنو بىلەن كۆرسىتىلەتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە لېكسىيە تۈگەپ، دەرستىن چۈشۈش ۋاقتى توشمىغان بولسا، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا مەنزىرە فىلىملىرى ياكى ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر فىلىملەرنى كۆرسىتىپ، قالغان ۋاقىتنى توشقۇزاتتى. شۇ چاغ دەل رۇس – ياپون ئۇرۇشى بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى؛ شۇڭا ئۇرۇشقا دائىر فىلىملەر كۆپرەك ئىدى. مەنمۇ شۇنداق فىلىملەرنى كۆرگەن چاغلاردا، دەرسخانىدا ساۋاقداشلىرىمغا ئەگىشىپ چاۋاك چالاتتىم ۋە ئالقىش ئېيتاتتىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شۇنداق فىلىملەردە جۇڭگولۇقلارنى — ئۇزۇندىن بۇيان كۆرمىگەن كىشىلىرىمنى كۆرۈپ قالدىم: بىر كىشى ئوتتۇرىدا باغلاقلىق، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە بىرمۇنچە كىشى تۇرۇپتۇ، ئۇ كىشى كۈچتۈڭگىر بولسىمۇ، لېكىن ئوڭ – سېلى ھېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا، باغلاقلىق تۇرغان كىشى روسىيىگە ھەربىي جەھەتتىن جاسۇسلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياپون ئەسكەرلىرى كاللىسىنى كېسىپ سازايى قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانىكەن؛ ئەتراپىدا تۇرغانلار بولسا سازايىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان كىشىلەر ئىكەن.

مەن شۇ ئوقۇش يىلىنى تۈگەتمەستىنلا توكيوغا كەتتىم، چۈنكى شۇ چاغدا، تىبابەتچىلىك مۇھىم ئەمەس ئىكەن، ئومۇمەن نادانلىقتا قالغان ئاجىز خەلق تەندە ھەر قانچە ساغلام ۋە قاۋۇل بولسىمۇ، پەقەت ئەھمىيەتسىز سازايىغا ماتېرىيال ۋە تاماشىچى بولماقتىن باشقىغا يارىمايدىكەن، كېسەلدە ئۆلگەنلەرگىمۇ ھەسرەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن،



شۇڭا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدىم. شۇ چاغدا روھنى ئۆزگەرتىشتە ھەممىدىن مۇۋاپىق نەرسە ئەدەبىيات – سەنئەت بولسا كېرەك دېدىم – دە، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات – سەنئەت ھەرىكىتىنى تەرغىپ قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. دۇڭجىڭدا ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە قانۇن، سىياسىي، فىزىكا، خىمىيە ھەتتا ساقچىلىق ۋە سانائەتنى ئوقۇۋاتقانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەدەبىيات ۋە تەسۋىرىي سەنئەتنى ئوقۇۋاتقانلار يوق ئىدى. شۇنداق سوغۇق كەيپىيات ئىچىدە بەختكە يارىشا، بىر نەچچە يولداش تېپىلدى، ئۇلاردىن باشقا، يەنە زۆرۈر بولغان بىر نەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلدۇق. مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بىرىنچى قەدەمدە ژۇرنال چىقارماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا « يېڭى ھايات » دېگەن مەنىدە ئات قويدۇق. ئۇ چاغلاردا كۆپچىلىكىمىزدە كونىلىقنى تىرىلدۈرۈش خاھىشلىرىنىڭ ئاز – پاز تەسىرى بولغاچقا، ژۇرنالنى پەقەت كونا كىتابىي تىلدا « يېڭى ھايات » دەپ ئاتىدۇق.

« يېڭى ھايات » نىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتى يېقىنلاشتى. لېكىن ھەممىدىن ئاۋۋال قەلەم تەۋرىتەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىر قانچىسى ئۆزىنى چەتكە تارتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن سەرمايە قولدىن كەتتى، نەتىجىدە بىر پۇلغا ئەسقاتمايدىغان ئۈچلا كىشى قالدۇق. ژۇرنال چىقىرىش ئىشىمىز باشلىنىش ۋاقتىدىلا بۇزۇلغاچقا، بۇ ئىش پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندا، جاكارلىغۇدەك گەپمۇ بولمىدى. كېيىن ھېلىقى ئۈچەيلەنمۇ ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ قامچىسى سۈرگەن ياققا قاراپ ئېقىپ، كېلەچەك توغرىسىدىكى شېرىن چۈشلىرىمىز ئۈستىدە بىر جايغا توپلىشىپ مۇڭدىشالماي قالدۇق. دۇنياغا كېلەلمىگەن « يېڭى ھايات » ىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا، بۇ چاغقىچە بېشىمدىن ئۆتمىگەن زېرىكىش – بىمەنىلىكنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دەسلەپتە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلمىدىم. كېيىنچە ئويلىسام، بىر ئادەمدە مۇئەييەن بىر تەشەببۇس بولۇپ، ئۇ تەشەببۇس ئالقىشقا ئىگە بولسا، ئۇ ئادەم جەزمەن

ئالغا باسىدىكەن؛ قارشىلىققا ئۇچرىسا، بۇ هال ئۇنى كۈرەشكە ئاتلاندۇرىدىكەن؛ ئەگەر ئۇ، هايات كىشىلەر ئارىسىدا يالغۇز چۇقان سالسا، هايات كىشىلەردىن ئۇنىڭغا ئەكس سادا چىقمىسا، كىشىلەر ئۇنى هىمايىمۇ قىلمىسا، ئۇنىڭغا قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىسە، ئۇ تەشەببۇسچى خۇددى پايانسىز دەشتكە كىرىپ قالغاندەك ئامالسىز قالىدىكەن. كىشىگە بۇ نېمىدېگەن قايغۇ ـ ئەلەم ـ هە، ئەنە شۇنداق هېسسىياتلار بىلەن ئىچىم پۇشاتتى.

بۇ ئىچ پۇشۇقى كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ، مېنىڭ روهىمنى خۇددى زەهەرلىك يىلاندەك چىرمىۋالدى.

شۇنداق چەكسىز قايغۇ ـ ئەلەمگە قالغان بولساممۇ، لېكىن غەزەپلەنمىدىم. چۈنكى بۇ تەجرىبە مېنى ئۆز ئۈستۈمدە ئويلىنىشقا، ئۆزۈمنى بىلىۋېلىشقا ئىمكان بەردى: مەن ئۆزۈمنىڭ قولنى بىر سىلكىپ ۋارقىراش بىلەنلا، تۈشمۇ ـ تۈشتىن لەببەي دېگۈچىلەرنى جۇغلىيالايدىغان قەهرىمانلاردىن ئەمەسلىكىمنى چۈشەندىم.

لېكىن مەن بۇ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىۋەتمىسەم بولمايتتى. چۈنكى بۇ مېنى تولىمۇ ئازابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، ئۆز روهىمنى بەنت قىلىپ، خەلق ئىچىگە چۆكۈشكە، قەدىمكى زامانلارغا قايتىشقا تىرىشتىم. كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ ئىچ پۇشۇرىدىغان تېخىمۇ قايغۇلۇق ۋەقەلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈشكە ياكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە توغرا كەلدى. هازىر بۇ ۋەقەلەرنى ئەسلەشنى خالىمايمەن، ئۇلارنى مېڭەم بىلەن بىللە تۇپراققا ئېلىپ كىرىپ كەتمەكچىمەن. ئەمما مېنىڭ بۇ بەنت قىلىش ئۇسۇلۇم بىر ئاز نەتىجە بەرگەندەك بولدى، ياش ۋاقتىلىرىمدىكى مەردانىلىق ۋە غەيرەتلەر تۈگەپ كەتكەندەك بولدى.

S سارىيىدا ② ئۈچ هۇجرىلىق بىر هويلا بار ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى بۇ هويلىدىكى تۇخۇمەك دەرىخىگە بىر خوتۇن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىكەن. بۇ تۇخۇمەك دەرىخى هازىر ناهايىتى ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئۆيلەردە كىشى ئولتۇرمايدىكەن؛



مەن بۇ هويلىنىڭ هۇجرىسىدا بىر نەچچە يىل ئولتۇرۇپ، قەدىمكى لەۋهە يازمىلىرىدىن نۇسخا ئېلىش ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم. ③ بۇ يەرگە مېهمان بولۇپ كەلگۈچىلەرمۇ ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى يازمىلاردا هېچقانداق يېڭى مەسىلە ۋە ئىزىم ( مەسلەك ) دېگەن بىر نەرسىلەرمۇ ئۇچرىمايتتى، شۇڭا مېنىڭ ئۆمرۈم ئەنە شۇنداق غەلىۋە ـ غۇدۇرسىز خىلۋەتتە ئۆتۈۋېرەتتى. مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇممۇ شۇ ئىدى. ياز ئاخشاملىرى پاشا كۆپىيىشكە باشلىغاندا، مەن يىكەندىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈنۈپ، تۇخۇمەك دەرىخى تۈۋىدە، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئاندا ـ ساندا كۆرۈنگەن كۆك ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتىم. كەچتە چىقىدىغان تۇخۇمەك قۇرتلىرى گەدىنىمگە مۇزدەك چۈشۈپمۇ تۇراتتى.

شۇ چاغلاردا كونا بۇرادىرىم ــــ جىن شىنيى ① گاهىدا كېلىپ مۇڭدىشىپ تۇراتتى. ئۇ يوغان خۇرۇم پوپكىسىنى سۇنۇق جوزا ئۈستىگە قويۇپ، يەكتىكىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىتتىن تولىمۇ قورقاتتى، شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى بىر هازاغىچە دۈكۈلدەپ سوقۇشتىن توختىمايتتى.

ــــ بۇلاردىن نۇسخا ئېلىپ نېمە قىلىسىز؟ ــــ بىر كۈنى ئاخشىمى مېنىڭ كونا قەبرە يازمىلىرىدىن توپلىغان نۇسخىلىرىمنى ۋاراقلاۋېتىپ سۈرۈشتۈرۈپ قالدى.

ــــ هېچنېمە قىلمايمەن.

ــــ ئەمىسە بۇ يازمىلاردىن نېمە مەقسەت بىلەن نۇسخا ئېلىۋاتىسىز؟

ــــ هېچ مەقسەت بىلەن.

ــــ مېنىڭچە سىز بىرەر نەرسە يازسىڭىز بولاتتى...

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىگە چۈشەندىم. ئۇلار « يېڭى ياش » ژۇرنىلىنى چىقىرىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ چاغدا جەمئىيەتتە ئۇ ژورنالنى هىمايە قىلىدىغانلارمۇ، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرىدىغانلارمۇ يوقتەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا مەن ئۇلارنىمۇ زېرىكىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ مەن:

— ئىشىك - دېرىزىلىرى بولمىغان، ۋەيران قىلىشقا بەك تەس بولغان بىر تۆمۈر ئۆيدە كىشىلەر قاتتىق ئۇخلاپ يېتىپتۇ، ئۇلار ئاز ۋاقىت ئىچىدە دىمىقتا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇيقۇ بىلەن بولۇپ جان ئۈزگەندىمۇ ئۆلۈم ئازابىنى ھەرگىز سەزمەيدۇ. ھازىر سىز چۇقان سېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئاز سەگەكلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئويغىتىۋاتىسىز. ئۇلارنى — شۇ ئازغىنا بىچارىلەرنى قۇتۇلۇپ بولمايدىغان ئەجەل ئالدىدىكى ئازابقا قالدۇرۇۋاتىسىز، بۇنى ئۆزىڭىزگە راۋا كۆرەمسىز؟ — دېدىم.

— ئەگەر بىر نەچچە كىشى قوزغالغانىكەن، شۇ تۆمۈر ئۆينى بۇزۇپ تاشلاشتىن زادىلا ئۈمىد يوق، دېيەلمەسسىز.

توغرا، ئۇ چاغدا بۇ ھەقتە مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا بىر ئىشەنچىم بولسىمۇ، لېكىن ئۈمىد توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ئۇنى يوققا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۈمىد كېلەچەككە باغلىق نەرسە، ئۇنىڭ ئۈمىد بار دېگەن ئىشەنچىسىنى ئۆزۈمنىڭ ئۈمىد يوق دېگەن دەۋايىم بىلەن رەت قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ماقالە يېزىپ بېرىشكە ۋەدە بەردىم. مېنىڭ دەسلەپكى ماقالەم «سەۋدايى خاتىرىسى» بولدى. يېزىشقا بىر كىرىشكەندىن كېيىن توختاپ قېلىش مۇمكىن بولمىدى، ھېكايىغا ئوخشايدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ، بۇرادەرلىرىمنىڭ ھاۋالىسىنى يۈزە بولسىمۇ ئورۇنلاپ تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن يازغان ھېكايەم 10 نەچچە پارچىغا يېتىپ قالدى.

ئۆزۈمنى ئالسام، مەن ئەمدى سۆزلەشكە، يېزىشقا ناھايىتى موھتاج بولۇپ تۇرغان ۋە لېكىن قۇربى يەتمەيدىغان ئادەملەردىن بولمىسام كېرەك دەپ ئويلايتتىم. ئۆز ۋاقتىدا مېنى زېرىكتۈرگەن قايغۇ - ھەسرەتلەرمۇ ئېسىمدىن چىقمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا ھېلىقى ئىچ پۇشۇقى ئىچىدە يالغۇز چېپىپ يۈرگەن باتۇرلارنىڭ قورقماي باشلامچىلىق قىلىشىغا مەدەتكار بولۇش ئۈچۈن، بەزىدە چۇقان سېلىپمۇ قويدۇم، لېكىن بۇ چۇقانلىرىم جاسارەتكە ئىشارەتمۇ قايغۇغا ئىشارەتمۇ، ياكى نەپرەت - مەسخىرىلەرگە ئىشارەتمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى. ئەمما چۇقان



سالغان ئىكەنمەن، بۇ چۇقانلىرىمدا قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى زۆرۈر تاپتىم. شۇڭا كۆپىنچە ئەگىتمە يول بىلەن يېزىشتىن ئەندىشىمۇ قىلمىدىم. «دورا» دا يۈي ئېرنىڭ قەبرىسىرىگە گۈلچەمبىرىكى قوشۇپ قويدۇم. «ئەرتە» دىمۇ شەنسى يەڭگىنىڭ ئۆز ئوغلىنى چۈشىدە كۆرەلمىگەنلىكىنى بايان قىلدىم، چۈنكى ئۇ چاغدا قوماندانىم پاسسىپلىقنى ياخشى كۆرمەيتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى قىيناۋاتقان ئىچ پۇشۇقىنى خۇددى **ياش ۋاقتىمدىكىگە ئوخشاش شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان ياشلارغا** يۇقتۇرۇشنى خالىمىدىم.

دېمەك، ھېكايىلىرىمنىڭ ھەقىقىي سەنئەتتىن ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنىڭدىن ئويلاپ بىلىش مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھېكايە دېگەن نامنى ئالالىشىنى، ھەتتا توپلام بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانلىقىنى، قانداقلا بولمىسۇن، تاسادىپىي بىر ھال دېمەي مۇمكىن ئەمەس، تاسادىپىي بۇ ھال مېنى بىئارام قىلسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا ھازىرچە بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بەرىبىر ئۆزۈمنى خۇشال چاغلايمەن.

شۇڭا قىسقا ھېكايىلىرىمنى توپلام مەتبەئەگە بەردىم ۋە يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭغا «چۇقان» دەپ نام بەردىم.

1922 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بېيجىڭدە يېزىلدى.

لۇشۈن

**ئىزاھاتلار:**

① N — نەنجىڭ، K مەكتىپى — جياڭنەن دېڭىزچىلار دارىلمۇئەللىمىنى. لۇشۈن 1898 - يىلى نەنجىڭگە بېرىپ، جياڭنەن دېڭىزچىلار دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، ئىككىنچى يىلى جياڭنەن قۇرۇقلۇق دارىلمۇئەللىمىنىگە قاراشلىق كان - تۆمۈر يول مەكتىپىگە كىرگەن. 1902 - يىلى مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ياپونىيىگە ئوقۇشقا كەتكەن.

② S سارىيى — شاۋشىڭلىقلار سارىيى، بېيجىڭ شۈەنۋۇ دەرۋازىسى سىرتىدا. ئاپتور 1912 - يىلى 5 - ئايدىن 1919 - يىلى 11 - ئايغىچە شۇ جايدا تۇرغان.

③ لۇشۈن شۇ چاغدا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ھەيكەل، قەبرىلەرنىڭ تەزكىرىلىرى قاتارلىق مېتال، تاش يازمىلارنىڭ نۇسخىلىرىنى تەتقىق قىلغانىدى.

① جىن شىنيى — چيەن شەنتۇڭ، ئۆز ۋاقتىدىكى «يېڭى ياش» نىڭ مۇھەررىرلىرىنىڭ بىرى. «يېڭى ياش» يېڭى مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كونىلىق تەرەپدارى لىن شۇ خاتىرە ئۇسلۇبىدا «ئازغان» دېگەن ھېكايىنى يېزىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ھاقارەتلىگەن، شۇ ھېكايىدىكى «جىن شىنيى» دەپ ئاتالغان شەخس چيەن شەنتۇڭغا دارىتىلغان.



## تالانت بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ①

( 1924 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېيجىڭ سىفەن داشۆ قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسىدا سۆزلەنگەن )

مېنىڭ نۇتقۇم ھەر قايسىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ياكى قىزىقارلىق بولماسمىكىن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى مەن ھەقىقەتەن ھېچنەرسە بىلمەيمەن. لېكىن باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئارقىغا سۈرەپ كەلگىنىمگە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ كەتكەچكە ئاخىر بۇ يەرگە كېلىپ بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مېنىڭچە، ھازىربىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە قاراتقان تەلەپ سادالىرى ئىچىدە تالانت پەيدا بولسۇن دېيىدىغان تەلەپ ناھايىتى جاراڭلىق بولۇۋاتىدۇ. روشەنكى، بۇ مۇنداق ئىككى ئەھۋالنى ئەكسىچە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: بىرى — ھازىر جۇڭگودا بىرمۇ تالانت يوق؟ يەنە بىرى — ھەممە ئادەم ھازىرقى سەنئەتتىن بەزگەن. تالانت زادى بارمۇ ـ يوق؟ بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بىز كۆرگىنىمىز يوق، باشقىلارمۇ كۆرگىنى يوق. ئەگەر كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، يوق دېيىش مۇمكىن: تالانتلا ئەمەس، تالانتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان، ئۆستۈرىدىغان خەلقنىمۇ يوق دېيىش مۇمكىن.

تالانت قاراڭغۇ جاڭگالدا، دەشت ـ باياۋاندا ئۆزىچىلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان غەلىتە بىر نەرسە ئەمەس، ئۇ تالانتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان خەلقتىن بارلىققا كېلىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. دېمەك، ئاشۇ خەلق بولمايدىكەن تالانتمۇ بولمايدۇ. ناپالېئون بىر چاغلاردا Alps ( ئالىپ ) تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كىتىۋېتىپ؛ «مەن Alps تېغىدىنمۇ ② يۇكسەك تۇرىمەن» دەپتىكەن. بۇ نېمىدېگەن ئەزىمەتلىك ـ ھە، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ

ئارقىسىدا نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك؛ ئەگەر ئەسكىرى بولمىغان بولسا، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنى تۇتۇپ كېتىشى ياكى قوغلىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى قەھرىمانلىقىنىڭ چېكىدىن ھالقىپ، ئۇ ساراڭلار قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. دېمەك، مېنىڭچە، تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى، تالانتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان خەلقنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن، دەل - دەرەخنى، ياخشى گۈللەرنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى تۇپراق بولۇشى كېرەك؛ تۇپراق بولمىسا دەرەخ ۋە گۈل بولمايدۇ؛ دېمەك، تۇپراق ھەقىقەتەن گۈل ۋە دەرەختىنمۇ مۇھىم. گۈل ۋە دەرەخ ئۈچۈن تۇپراق بولمىسا بولمايدىغانلىقى خۇددى ناپالېئوننىڭ ياخشى ئەسكىرى بولمىسا بولمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

لېكىن ھازىر جەمئىيەتتىكى گەپ - سۆز ۋە خاھىشقا قارايدىغان بولساق، بىر تەرەپتىن تالانتنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن تالانتقا ئۆلۈم تىلەۋاتىدۇ، ھەتتا تەييارلاپ قويغان تۇپراقنىمۇ سۈپۈرۈۋەتكۈسى بار. بىر نەچچە مىسال كەلتۈرەي:

بۇنىڭ بىرى — «مىللىي ئاسار ئەتىقىلەرنى رەتلەش» [3]. يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم جۇڭگوغا كەلگەندىن بۇيان، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ نەدىمۇ قۇدرىتى بولسۇن، لېكىن مىللىي ئاسار ئەتىقە دېسە، بىر توپ قېرىلار، ھەتتا ئۆسمۈرلەرمۇ جېنىنى بىرىدىغان بولدى. ئۇلار: «جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس شۇنچە ئوبدان نەرسىلىرى تۇرسا، ئۇنى رەتلەپ ساقلىماقتا يوق، يېڭىلىققا بېرىلىپ كېتىش خۇددى ئاتا مىراسلىرىمىزدىن ۋاز كەچكەندەك نادانلىق بولىدۇ» دەيدۇ. ئاتا - بوۋىسىنى شىپى كەلتۈرۈپ سۆزلەش، ناھايىتى سۈرلۈك بولىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن كونا كەمزۇلنى يۇيۇپ - قاتلاپ ئېلىپ قويمىغىچە، يېڭى كەمزۇل تىكتۈرگىلى بولمايدۇ دېسە، زادى ئىشەنمەيمەن. ھازىرقى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتسام، ھەر كىم نېمە قىلىمەن دېسە ئۆزىنىڭ مەيلى، قېرى جانابلار مىللىي ئاسار - ئەتىقىلەرنى رەتلەيمەن دەيدىغان بولسا، دېرىزە تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇ-



رۇپ، كىتابلىرىنى ئوقۇۋەرسۇن؛ ياشلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا جانلىق بىلىمى ۋە يېڭى سەنئەتلىرى بار، ھەر كىم ئۆزى بىلگىنىنى قىلسا بۇنىڭمۇ ئانچە چوڭ كارايىتى يوق. لېكىن ئاشۇ بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، چاقىرىق قىلىدىغان بولسا جۇڭگونى دۇنيادىن مەڭگۈ ئاجرىتىپ قويىدۇ. مۇبادا ھەممە ئادەم زادى مۇشۇنداق قىلمىسا بولمايدۇ دەيدىغان بولسا بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك بولىدۇ! بىز ئاسار ئەتىقە ساتقۇچى سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولساق، تەبىئىكى، ئۇ ئۆزىدىكى ئاسار ئەتىقىلەرنى ئۇنداق ياخشى، مۇنداق ياخشى دەپ ماختايدۇكى، ھەرگىز رەسساملارنى، دېھقانلارنى، ھۈنەرۋەنلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئاتا - بوۋىسىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، دەپ تىللاپ - قاغاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بىر مۇنچە مىللىي ئەتىقەشۇناسلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئەقىللىق.

يەنە بىرى — «ئىجادىيەتكە چوقۇنۇش» [4]. يۈزەكى قارىغاندا، بۇ تالانتنى تەلەپ قىلىش سەنئىمگە ناھايىتى باب كېلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ روھىدا چەتتىن كەلگەن ئىدىيىلەرنى، غەيرىي ئىقلىمنىڭ مۇقاملىرىنى چەتكە قېقىش ئامىلى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ جۇڭگونى دۇنياۋى ئېقىمدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بىر مۇنچە ئادەملەر تولستوي، تۇرگېنېۋ، دوستويېۋسكى [5] لارنىڭ ناملىرىدىن بىزار بولغاندەك قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قايسىلىرى جۇڭگوغا تەرجىمە قىلىنىپ كەلگەندۇ؟ ئۆز نەزەرىنى بىرلا مەملىكەت دائىرىسى بىلەن بەنت قىلىپ قويغانلار، پېتۇبىر ۋە جون [6] دېگەن ئىسىملارنى ئاڭلاپلا بىزار بولىدۇ. ئۇلارچە پەقەت لاۋجاڭ، لاۋلى بولسىلا بولارمىش - دە، ئىجادكارلار شۇنىڭدىن چىقارمىش. راستىنى ئېيتقاندا، مۇنداق ئىجادكارلارنىڭ ياخشىلىرىمۇ چەت ئەل ئەسەرلىرىدىكى ماھارەتنى، مەنىۋى ئىپادىلەرنى ئاز - تولا تاللاپ ئېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ، يازغانلىرى بەدىئىيلىكتە چىرايلىق چىقسىمۇ، لېكىن ئىدىيە جەھەتتە كۆپىنچە تەرجىمە ئەسەرلەرگە يەتمەيدۇ، ھەتتا بەزى ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرنىمۇ قوشۇپ، ئۇنى جۇڭگولۇقلارنىڭ كونا خۇيىغا

لايىقلاشتۇرىدۇ، كىتابخانىلار بولسا ئۇنىڭغا چىرمىلىپ قالىدۇ ـ دە، نەزەر دائىرىسى بارا ـ بارا تارىيىۋېرىپ كونا ئەندىزىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئاپتورلار بىلەن كىتابخانىلار بىر ـ بىرىگە سەۋەب ـ نەتىجە بولۇشۇپ، غەيرىي ئېقىمنى يەكلىشىپ، مەللىي مەدەنىيەت تەۋەررۇكىنى پەش قىلىۋەرسە، تالانت نەدىنمۇ بارلىققا كەلسۇن؟ بارلىققا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ.

مۇشۇنداق كەيپىياتتا ئادەتلەنگەن خەلق تۇپراق ئەمەس كۆل، ئۇنىڭدا ياخشى گۈل ۋە دەرەخ ئۆسەلمەيدۇ!

يەنە بىرى ــ يامان نىيەتلىك تەنقىد. كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىغىمۇ ئۇزۇن بولدى، هازىر بىر مۇنچە تەنقىدچىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن بىر مۇنچىسى ئادالەتسىزلەردۇر، تەنقىدچىگە ئوخشىمايدۇ، ئەسەر ئالدىغا كېلىش بىلەنلا، زەردىسى بىلەن قەلىمىنى ئوينىتىپ، دەرهال ناهايىتى دانالارچە خۇلاسە چىقىرىپ: «هەي، تولىمۇ گۆدەك ئىكەن. جۇڭگوغا تالانت كېرەك!» دېيىشىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا هەتتا تەنقىدچى ئەمەسلەرمۇ شۇنداق دەپ جار سالىدىغان بولدى، ئۇلار قۇلاق موللىسى. ئەمەلىيەتتە، تالانت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىتىكى تۇنجى ئىڭەسى هەرگىز پىشقان شېئىر بولماستىن ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش يىغىدىن ئىبارەت. گۆدەك ئىكەن دەپ ئەدەب بەرسەك، يىگىلەپ ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ تىل ـ هاقارىتى دەستىدىن بىر نەچچە ئاپتورنىڭ ئۈن چىقارماس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن. ئۇ ئاپتورلار تەهقىق، تالانت بولماسلىقى مۇمكىن، هالبۇكى، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ ئىمكانىيەت بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

يامان نىيەتلىك تەنقىدچىلەر مايسىزارلىقتا ئات چاپتۇرسا كۆڭلى يايرايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن نابۇت بولىدىغىنى مايسا ــ ئادەتتىكى مايسا ۋە تالانت مايىسى. چوڭلار ئالدىدا بالىلارنىڭ بولۇشى ئەيىب هېسابلانمىغاندەك، قىرانلىق ئالدىدا گۆدەكلىكمۇ هەرگىز نومۇس ئىش ئەمەس؛



ئەسەرمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ دەسلەپتە گۆدەك بولۇشى نومۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئەدەب يېمەيدىغان بولسا، ئۆسىدۇ، پىشىدۇ، ۋايىغا يېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە قېرىپ هالسىزلىنىش ۋە چىرىشلا، سەۋەبكار قىلمايدىغان ئىش! مېنىڭچە، مەيلى گۆدەك ئادەم ياكى چوڭ ئادەم بولسۇن، ئەگەر گۆدەكلىك پاراستى بولىدىكەن گۆدەكلەرچە گەپ قىلىۋەرسۇن، ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغاننى سۆزلەۋەرسۇن، سۆزلىگەندىن كېيىن كۆپ بولسا مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ، ئۇنداق ـ مۇنداق بايراقلارنى كۆتۈرۈۋالغۇچىلارنىڭ تەنقىدلىرىگە پەرۋا قىلمىسۇن!

بۇ يەردە ئولتۇرغان هەربىرلىرىنى ئالساق، بەلكىم ئۇندىن توققۇزى تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشسىلا كېرەك، لېكىن ئەهۋال بايىقىدەك بولسا، تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشى تەس بولۇش بىلەنلا قالماستىن، تالانتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇپراقنى هازىرلاشنىڭ ئۆزىمۇ تەس. مەن تالانتنىڭ تەگدىن تولىسى تۇغما بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن؛ لېكىن تالانتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇپراق بولۇش هەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلسە كېرەك. تۇپراق بولۇشنىڭ خاسىيىتى تالانتنى تەلەپ قىلىشتىنمۇ مۇهىم؛ ئۇنداق بولمىسا، يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان تالانت بولغان تەقدىردىمۇ، تۇپراق بولمىغانلىقى ئۈچۈن راۋاج تاپالماي، تەخسىدىكى ماش ئۈندۈرمىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

تۇپراق بولۇش ئۈچۈن، روهىي ـ زېهنىنى كېڭەيتىش، يەنى يېڭى ئېقىملارنى قوبۇل قىلىپ، كونا ئەندىزىلەردىن قۇتۇلۇپ، كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان تالانتلارنى سىغدۇرالايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان بولۇش كېرەك؛ ئۇششاق ئىشلارنى قىلىشتىن قورقماسلىق، يەنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلار، ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىجات قىلىۋېرىش كېرەك، بولمىسا تەرجىمە قىلسىمۇ، تونۇشتۇرسىمۇ، زوقلانسىمۇ، ئوقۇسىمۇ، كۆرسىمۇ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش دېگەن سۆز بىرئاز كۈلكىلىك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن هەر هالدا ئۇنىڭغا پەشۋا بەرگەندىنمۇ ياخشى.

تالانتقا سېلىشتۇرغاندا، دەرۋەقە تۇپراق هېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ،

ئەلۋەتتە ؛ لېكىن ئاجايىپ بەرداشلىقى بولمىغانلارنىڭ تۇپراق بولالىشىمۇ ئاسان بولمىسا كېرەك . بىراق ، گەپ ئىجتىھات قىلىشتا ، ئىجتىھات قىلىش تۇغما تالانتنى بىھۇدە كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ئىشەنچلىك . تۇپراقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ، يەنە كىلىپ زور ئۈمىدلىك يېرىمۇ ئەنە شۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلغان ئەجرىنىمۇ ياندۇرالايدۇ . مەسىلەن ، تۇپراقتىن ياخشى گۈل ئۈنۈپ چىقسا ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئۆزىلا يايراش بىلەن قالمايدۇ ، ئۇنى كۆرگەن ئادەم يايراپ ھوزۇرلىنىدۇ ئەلۋەتتە ، تۇپراقنىڭ ئۆزىمۇ يايراپ ھوزۇرلىنىدۇ — ئەگەر تۇپراقنىڭمۇ جېنى بولىدىغان بولسا .

### ئىزاھات

① بۇ ماقالە دەسلەپتە بېيجىڭ سىفەن داشۆسى يېنىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ نەشر قىلغان « مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسى » ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانىغا بېسىلغان . 1924 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى « بېيجىڭ گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى » نىڭ 21 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغاندا ، ماقالىنىڭ بېشىغا ئاپتوردىن مۇنداق كىچىككىنە كىرىش سۆز قوشۇلغان : « بۇرادەر فۇيۇەن : بىرىنچى ئايدا سىفەن داشۆسىنىڭ يېنىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە سۆزلىگەن نۇتقۇمنى بۇگۈن ئوقۇپ كۆرسەم ، ھەقىقەتەن ئۆمۈر كۆرىدىغاندەك تۇرىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۈزىتىپ ئەۋەتتىم ، كۆچۈرۈپ باسارسىز . 22 ـ كۈنى كېچىدە ، لۇشۈن . »

② Alps — ئالپ تېغى ، فرانسىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئارىلىقىدا ياۋروپا بويىچە ئەڭ چوڭ تاغ . ناپالېئون ( 1769 ـ 1821 ) — فرانسىيىنىڭ باش قوماندانى ۋە پادىشاھى ؛ ئۇ 1800 ـ يىلى ئاۋستىرىيە قوشۇنى بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن ئىتالىيىگە لەشكەر تارتىپ ماڭغاندا ، مۇشۇ تاغدىن ئۆتكەن .

③ خۇشى 1919 ـ يىلىدىن تارتىپ « مىللىي ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى رەتلەش » پائالىيىتىنى تەرغىپ قىلغان . ئۇ 1923 ـ يىلى « تىرىشىش » نامىلىق ھەپتىلىك ژۇرنالنىڭ « ئوقۇش مەجمۇئەسى » دېگەن قوشۇمچە سانىنى داۋاملىق نەشر قىلدى ، « مىللىي بىلىم » نامىلىق پەسىللىك ژۇرنال چىقىرىشقىمۇ كىرىشتى ، ئۇ شۇ ژۇرنالنىڭ « نەشر قىلىشقا بېغىشلانغان خىتابنامە » سىدە « مىللىي ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى رەتلەش » دېگەن تەشەببۇسنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ، زىيالىيلارنى ياش ئوقۇغۇچىلارنى رېئال ئىنقىلابىي كۈرەشتىن چەتنىتىشكە ئۇرۇنغان .

④ بۇ يەردىكى « ئىجادىيەتكە چوقۇنۇش » دېگەن سۆز . ئاپتورنىڭ



پىكرىچە ، « چەتتىن كەلگەن ئىدىيىلەرنى يەكلەش » كە ، تەرجىمىنى يامان كۆرۈشكە قارىتىلغان .

⑤ تولستوي ( 1828 ـ 1910 ) — روسىيە يازغۇچىسى . ئۇنىڭ « ئۇرۇش ۋە تىنچلىق » ، « ئاننا كارېنىنا » ، « تىرىلىش » قاتارلىق رومانلىرى بار .

تۇرگېنېۋ ( 1818 ـ 1881 ) — روسىيە يازغۇچىسى . ئۇنىڭ « ئوۋچى خاتىرىسى » ، « رۇدىن » ، « ئاتىلار ۋە باللار » قاتارلىق رومانلىرى بار .

دوستويېۋسكى ( 1821 ـ 1881 ) — روسىيە يازغۇچىسى ، ئۇنىڭ « كەمبەغەللەر » ، « خورلانغان ۋە شىكەستلەنگەنلەر » ، « جىنايەت ۋە جازا » نامىلىق رومانلىرى بار .

⑥ پىئوتىر ۋە جون — ياۋروپالىقلار كۆپ قوللىنىدىغان ئىسىملار . بۇ يەردە ئومۇمەن چەت ئەل ئادەملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .